بسم الله الرحمن الرحيم

مۇھەممەد يۇسۇپ

# قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

مۇھەممەد يۇسۇپ

# قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب

2018 - يىل نويابىر

بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............ 005

## بىرىنچى بۆلۇم

## «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ يېتىپ كېلىش جەريانى

قۇرئان كەرىم ............ 009
ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ............ 012
«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەدرىجىي چۈشۈرۈلگەنلىكى ............ 015
ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى ............ 016
جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇتۇشى ............ 016
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ساقلىنىشى ............ 017
«قۇرئان كەرىم»نىڭ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلۈشى ............ 022
«كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتى ............ 022
«كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ............ 025
«قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى ............ 026
«قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاندۇرۇش ئۇسۇلى ............ 027
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

زاماندىكى قولىيازما نۇسخىلىرى.......... 029
ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى.......... 029
«قۇرئان كەرىم»گە ئوقۇش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلىشى.......... 030
ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى.......... 031
«قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە نەشر قىلىنىش
تارىخى.......... 032
سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى«قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىش
ئاكادېمىيىسى.......... 033



## ئىككىنچى بۆلۈم

## «قۇرئان كەرىم» تەپسىرلىرى

ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىش مېتودى.......... 046
ساھابىلەرنىڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلىرى.......... 050
ئۈچىنچى باسقۇچ: تابىئىنلارنىڭ زاماندىكى تەپسىر قىلىش
ئۇسۇلى.......... 051
تۆتىنچى باسقۇچ: تەپسىرنىڭ توپلىنىشى.......... 052
تەپسىرنىڭ تۈرلىرى.......... 055
تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبى.......... 059
تەپسىر قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق قائىدە ـ پىرىنسىپلار.......... 066
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى.......... 080
ئۇيغۇرلاردىن چىققان مۇپەسسىرلەر.......... 082

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەپسىرلەر........085

## ئۈچىنچى بۆلۈم

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى

«قۇرئان كەرىم» ھىدايەت كىتابىدۇر........087
مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى........090
«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر........103
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي مۆجىزىلىرى........110
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى........126
«قۇرئان كەرىم»نىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى
مۆجىزىسى........163

## تۆتىنچى بۆلۈم

## «قۇرئان كەرىم» ۋە بىز

بىز قۇرئانغا قانچىلىك ئەمەل قىلىۋاتىمىز؟........179
قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب........182
«قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنىدىغا يېگانە كىتابتۇر........184
قۇرئان ئوقۇشتىن ئاساسلىق مەقسەت ئۇنىڭدىن تەسىرات
ئېلىشتۇر........185
مۇسۇلمانلارنىڭ شان - شەرىپى قۇرئان بىلەندۇر........186
ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە تۇتقان

پوزىتسىيەسى......190
ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە تۇتقان
پوزىتسىيەسى......196
«قۇرئان كەرىم» قەدىر كۆتۈرۈش كىتابىدۇر......202
قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟......203
ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم»گە قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟......205
«قۇرئان كەرىم»دىن نەپ ئېلىشنىڭ شەرتلىرى......205
مۇسۇلمانلاردا كەم نەرسە ئىلىم- مەرىپەت ئەمەس، بەلكى
ئىمان......208
«قۇرئان كەرىم» ئىماننىڭ مەركىزىي نوقتىسىدۇر......209
قۇرئان بىرلا ۋاقىتتا پىكىر ۋە ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدۇ......214

# كىرىش سۆز



بارچە مەدھىيە ۋە ئەڭ مۇكەممەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنى ماختايمەن. ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن ۋە سالام يوللايمەن.

«قۇرئان كەرىم» بىزنىڭ ھاياتلىق دەستۇرىمىز، بىزنىڭ ئەڭگۈشتەرىمىز. بىزنىڭ مۇشۇنداق قۇرئانىمىز بولغانلىقى، شۇ قۇرئانىمىزغا ئىمانىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئەلۋەتتە

بەختلىك كىشىلەرمىز. «قۇرئان كەرىم» بىزنىڭ شان ـ شەرىپىمىزنى ۋە قەدىرىمىزنى كۆتۈرىدىغان، بىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان ۋە ئىككى دۇنيالىق سائادەتلەرگە نائىل قىلىدىغان ئۇلۇغ كىتابتۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە بۇنى بىلدۈرۈپ: ﴿لَقَدْ أَنْزَلْنَا إِلَيْكُمْ كِتَابًا فِيهِ ذِكْرُكُمْ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ يەنى (ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان)نى چۈشۈردۇق. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟)[1] دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مۇشۇنداق بىر كىتابى تۇرۇقلۇق، خارلىق، زەبۇنلۇق، ئاجىزلىق ۋە بېقىنمىلىق ھالىتىدە ھايات كەچۈرۈشى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق پاجىئەدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىكى ۋەدىسىگە ئاساسەن، ئۆز ۋاقتىدا بۇ كىتابقا چىڭ ئېسىلغان ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ھايات دەستۇرى قىلغان ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلارنى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغان، ئۇچ قىتئەنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتى ۋە ياردىمى بىزگە كېلىپ تۇرغان ئىدى. پەقەتلا بىز قۇرئاننىڭ روھىغا ئەمەس، ئۇنىڭ قىرائىتىگە ۋە تىلاۋىتىگىلا ئەمەل قىلىدىغان، قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىنى ھاياتىمىزدىن ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، بىزگە كەلگۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى كەلدى، ئەزىزلىقىمىز خارلىققا، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز ئاجىزلىققا، شان ـ شەۋكىتىمىز بېقىندىلىققا ئايلىنىپ قالدى. ھېلىھەم

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

بىز قۇرئانىمىزغا ئەمەل قىلساق، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى بىزگە چوقۇم كېلىدۇ.

قولىمىزدا شۇنداق قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىمىز بار تۇرۇقلۇق، بىزنىڭ ئۇنىڭ قەدرىنى ۋە قىممىتىنى بىلمەي يۈرۈشىمىز، كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ، شان - شەرەپنىڭ ۋە قەد كۆتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچىنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنى ئېچىشنى بىلمىگەنلىكىمىز، قۇرئانىمىزنىڭ ھەۋزى كەۋسەرلىرىدىن ئىچىشكە، ئۇنىڭ خەزىنىلىرىدىن مەنپەئەتلىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىمىزنى بېيىتىشقا قۇربىمىز يەتمەي يۈرۈشىمىز بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىزدۇر.

ھەربىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا بۇرچىنى بىلىشى ئەڭ ئالدىنقى پەرزلەردىن سانىلىدۇ. شۇڭا بىز بۇ دۇنيادا ئەزىز، ھۆرمەتلىك، ھۇزۇرلۇق ھايات كەچۈرۈشنى، ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە لايىق بولۇشنى خالايدىغان بولساق، بىزنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال قۇرئانىمىزنى تونۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ قانۇن - پىرىنسىپلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىشىمىز شەرت.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە بۇنىڭدىن ئىلگىرى «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە يازغان ۋە سۆزلىگەنلىرىمدىن تاللاپ ئېلىنغان مەلۇماتلار بولۇپ، بۇ

ئۇلۇغ كىتابنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ئۈمىدى بىلەن بۇنى نەشرگە تەييارلىدىم.

بۇ كىتابچە سىزنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئەڭ قىسقا يول بىلەن ئەڭ توغرا ۋە مۇكەممەل رەۋىشتە بىلىۋېلىشىڭىزغا ياردەمچى بولىدۇ ۋە سىزنى بۇ ھەقتە كۆپلىگە قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن.

مەن بۇ كىتابچىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت بۆلۈمگە بۆلدۈم:

بىرىنچى بۆلۈم: «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ يېتىپ كېلىش جەريانى

ئىككىنچى بۆلۈم: «قۇرئان كەرىم» تەپسىرلىرى

ئۈچىنچى بۆلۈم: «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى

تۆتىنچى بۆلۈم: «قۇرئان كەرىم» ۋە بىز

جانابى ئاللاھتىن بۇ ئاددى ئەمگىكىمنى قوبۇل قىلىشىنى سورايمەن.

بۇ ئەسەرنى تۈرلۈك خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

ھىجرىيە 1439 ـ يىلى زۇلھەججە ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

مىلادىيە 2018 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

سەئۇدى ئەرەبىستان، جىددە.

# بىرىنچى بۆلۈم

# «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ يېتىپ كېلىش جەريانى

## قۇرئان كەرىم

«قۇرئان كەرىم» — ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالادىن جىبرىل ئىسىملىك پەرىشتە ۋەھيى يولى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ساماۋىي كىتابتۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاۋۋال لەۋھۇلمەھپۇزغا چۈشۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ لەۋھۇلمەھپۇزغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغانلىقى ئۇنىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭمۇ قەتئىي

ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلىپ لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان ئىشلار قەتئىي ئۆزگەرمىگەنىدەك، «قۇرئان كەرىم»مۇ لەۋھۇلمەھپۇزغا خاتىرىلىنىپ ساقلانغان ئىكەن، ئۇ ھەرگىز ئۆزمەرمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» شۇنىڭدىن كېيىن لەۋھۇلمەھپۇزدىن بىرىنچى ئاسماندىكى «بەيت ـ ئۇلئىززەت» دېگەن جايغا چۈشۈرۈلگەن. ﴿إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ﴾ يەنى «شەكسىزكى، بىز قۇرئاننى قەدر كېچىسى چۈشۈردۇق»[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ۋەزىيەت ۋە شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز ـ ئازدىن چۈشۈپ، جەمئىي 23 يىلدا تولۇق چۈشۈپ بولغان. ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چۈشۈردۇق، ئۇنى تەدرىجىي چۈشۈردۇق﴾[2].

«قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيىنىڭ 610 ـ يىلى مەككىدىكى ھىرا غارىدا تۇنجى قېتىملىق ۋەھيى بىلەن چۈشۈشكە باشلىغان. بۇ رامىزان ئېيىنىڭ 17 ياكى 21ـ ياكى 24 ـ كۈنلىرى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تويتوغرا 40

[1] قەدر سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى 106– ئايەت.

ياشــتا ئىــدى. (شَـهْرُ رَمَضَـانَ الَّذِى أُنـزِلَ فِيـهِ الْقُـرْآنُ هُـدًى لِّلنَّـاسِ وَبَيِّنَـاتٍ مِّـنَ الْهُـدَىٰ وَالْفُرْقَـانِ) يەنـى «(روزا تۇتـۇش پـەرز قىلىنغـان سـاناقلىق كۈنلـەر) ئىنسـانلارغا يېتەكچـى، ھىدايـەت قىلغۇچـى ۋە ھـەق بىلـەن باتىلنـى ئايرىغۇچـى روشـەن (ئايەتلەرنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالغــان) قۇرئــان چۈشۈشــكە باشــلىغان رامىــزان ئېيىــدۇر»[1] دېگــەن ئايــەت «قۇرئـان كەرىمنىـڭ چۈشۈشـكە باشـلىغان ۋاقتىنـى بايان قىلىــدۇ.

«قۇرئــان» ســۆزى ئــەرەب تىلىنىــڭ لۇغىتىــدە «قــرأ» (ئوقــۇدى) دېگــەن پېئىلدىــن تۈرلەنگــەن «ئوقــۇش» دېگــەن مەنىنــى بىلدۈرىــدۇ. ئــۇ دۇنيــادا ئــەڭ كــۆپ ئوقۇلىدىغــان كىتــاب بولغانلىقتىــن، «قۇرئــان» يەنــى (ئوقۇلغــان ۋە ئوقۇلىدىغــان) دېگــەن مەنىــدە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتــە ﴿لَا تُحَـرِّكْ بِـهِ لِسَـانَكَ لِتَعْجَـلَ بِـهِ.إِنَّ عَلَيْنَـا جَمْعَـهُ وَقُرْآنَه.فَـإِذَا قَرَأْنَـاهُ فَاتَّبِـعْ قُرْآنَـهُ﴾ يەنـى: ((ئـى پەيغەمبـەر! سـاڭا ۋەھيـى چۈشـۈۋاتقان چاغـدا) ئۇنـى ئېسـىڭگە ئېلىۋېلىشـقا ئالدىـراپ تىلىڭنـى مىدىرلاتمـا. چۈنكـى ئـۇ ۋەھيىنـى (سـېنىڭ دىلىڭغـا) توپـلاش ۋە ئۇنـى سـاڭا ئوقۇتـۇش بىزنىـڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. شـۇڭا، بىـز ئۇنـى (سـاڭا جىبرىـل ئارقىلىـق) ئوقـۇپ بەرگەنـدە، سـەن ئۇنى (جىـم تـۇرۇپ) ئاڭلىغىـن. ئاندىـن ئۇنـى چۈشـەندۈرۈپ

[1] بەقەرە سۈرىسى 85ـ ئايەت.

بىرىشمۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر)[1] دېگەن ئايەتتىكى «قُـرْآنَ» (قۇرئـان) دېگـەن سـۆز بـۇ مەنىنـى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئـان كەرىـم» نـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائـالا تەرىپىدىـن جىبرىـل ئىسـىملىك پەرىشـتە ئېلىـپ كەلگـەن.

## ◄ ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ۋەھـيي – ئاللاھ تائالانـىڭ پەيغەمبەرلەرگـە چۈشۈر-گـەن تەلىماتـى دېگەنلىـك بولـۇپ، ئـۇ ئاللاھ تائالانـىڭ ئىرادىسـىنى ئىنسانغا بىلدۈرۈشـنىڭ بىردىنبىـر يولـدۇر. «قۇرئـان كەرىـم»دە: ﴿أوحى﴾ يەنـى «ۋەھـيي قىلـدى»، ﴿كلـم﴾ يەنـى «سـۆزلىدى»، ﴿قـال﴾ يەنـى «ئېيتتـى»، ﴿أمـر﴾ يەنـى «بۇيـرۇدى»، ﴿القى﴾ يەنى «تاشـلىدى»، ﴿أنـزل﴾ يەنـى «چۈشـۈردى»، ﴿نـادى﴾ يەنـى «نىـدا قىلـدى» قاتارلـىق ئىپادىلـەر بىلـەن ئەمەلگـە ئاشـقان ۋەھيينىـڭ يوللـىرى بـۇ ئايەتتـە بايـان قىلىنغـان: ﴿ئاللاھنىـڭ بىـەر ئىنسـانغا گـەپ قىلىشـى پەقـەت ئىلھام ئارقىلـىق ياكـى پـەردە ئارقىسـىدىن ۋە ياكـى بىـەر پەرىشتىنى ئەۋەتـىپ ئۆز ئىرادىسـى بىلـەن (ئۇنىڭغا) خالىغىنىنـى ۋەھيـى قىلىشـى ئارقىلىقـلا بولغـان﴾[2].

[1] قىيامەت سۈرىسى 16–17– ئايەت

[2] شۇرا سۈرىسى 51–ئايەت.

ۋەھىي ئۆزى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال تونۇشقان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش تەرزىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە، ئىناقسىزلىقتىن بىرلىككە، نادانلىقتىن ئىلىم ـ مەرىپەتكە، ئاجىزلىقتىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تەدرىجىي ئېلىپ بارغان ئىدى. چۈنكى ۋەھىي يېڭى بىر ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن ئىلاھىي قانۇندۇر. زادى ۋەھىينىڭ غايىسى ئىنسانىنى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىماننى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىلىم ـ مەرىپەتنى مەركەز قىلغان بىر ئىمان ۋە ھەقىقەتنى مەركەز قىلغان ئىلىم ـ مەرىپەت ئىدى. شەكسىزكى، ھەقىقەتنىڭ مەنبىيى ئاللاھ تائالادۇر. ۋەھىينىڭ روھى بىلەن پارلاق بىر ھاياتقا ئېرىشكەن ساھابىلەر بارلىق ئەخلاق ـ پەزىلەتتە، ھەقىقەتنى نامايان قىلىشتا، ھەقىقەت ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشتا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ۋايىغا يەتكەن ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە ئۆچمەس ئۈلگىلەرنى ياراتقان ئىدى.

- **ۋەھيى تۆۋەندىكدەك تۆت تۈرلۈك بولغان:**

(1) ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەردىن بىرىگە پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلىشى. ئاللاھ تائالا مىسىرنىڭ تۇر

تېغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاسىتە سۆز قىلغان. (ئاللاھ مۇساغا بىۋاسىتە سۆز قىلدى)[1].

(2) ئىلھام ياكى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە ئورنىتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىل مېنىڭ قەلبىمگە ‹ ھېچكىم رىزقىنى تولۇق تۈگەتمەستىن ئۆلمەيدۇ› دەپ ئىلھام سالدى، سىلەر ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسىلەرنى سوراڭلار»[2].

(3) راست چۈش. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھيىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا ۋەھيى دەسلەپتە ياخشى چۈش كۆرۈش بىلەن باشلانغان...»[3].

(4) ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىلنى ئەۋەتىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «ۋەھيى ماڭا بەزىدە قاتتىق جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كېلىدۇ، گاھىدا پەرىشتە ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ كېلىپ ماڭا سۆز قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق تۇتۇۋالىمەن»[4] دېگەن.

[1] نىسا سۈرىسى 164 ـ ئايەت.

[2] شىھاب قۇزائىينىڭ «مۇسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمى 115 ـ ھەدىس، 2 ـ توم، 185 ـ بەت.

[3] سەھىھۇلبۇخارى ـ 3ھەدىس، فەتھۇلبارى ـ 1 توم، ـ 27 بەت.

[4] سەھىھۇلبۇخارى ـ 2ھەدىس، فەتھۇلبارى ـ 1 توم، ـ 23 بەت.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەدرىجىي چۈشۈرۈلگەنلىكى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر يولى چۈشۈرۈلمەستىن، ئاز-ئازدىن، پارچە-پارچە چۈشۈرۈلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى ۋە سىر-ئەسرارلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ بەزىسىنى ئوچۇقلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭ قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش. ئۇنى دەۋەت يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق كۈچلۈك بولۇشقا تەشەببۇس قىلىش، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئەڭ چوڭ نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەملەش. مۇندىن باشقا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاز-ئازدىن چۈشۈشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى يادلىۋېلىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاز-ئازدىن چۈشكەنلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئايەتلەرنى دەرھال يادلىۋېلىشى ۋە بۇ ئايەتلەرنى تۇرمۇشىدا تەتبىقلاشقا ئادەتلىنىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرەتتى. مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ

بەلگىلىمىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەدرىجىي چۈشۈشىنى تەقەززا قىلاتتى.

## ◄ ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى

«قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى ئۇلارنىڭ چۈشۈش تەرتىپىگە كۆرە ئەمەس، بەلكى جىبرىئىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە ئاساسەن رەتلەنگەن. شۇڭا فاتىھە سۈرىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ دەسلەپ چۈشكەن سۈرە ئەمەس. بەلكى ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ئەلەق سۈرىسى بولۇپ، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ 30- پارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

## ◄ جىبرىئىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇتۇشى

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى بىر قېتىم باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامدىن باشتىن ئاخىر تىڭشايتتى. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى رامىزان ئېيىدا، ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»نى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، ئىككى قېتىم تىڭشىغان. مۇنۇ ھەدىس بۇ ھەقىقەتنى كۈچلەندۈرىدۇ، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «جىبرىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى، بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى، بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن»[1] دېگەن.



## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ساقلىنىشى

ئاللاھ تائالا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن پېتى ساقلاشنىڭ پۈتۈن شەرت-شارائىتلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى چۈشكەن پېتى ساقلاپ، ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارغا سالامەت يەتكۈزگەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە بۇرمىلاشلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ، بىزلەرگىچە ئۆز پېتى بىلەن

[1] سەھىھۇلبۇخارى 6285 ـ ھەدىس، فەتھۇلبارى ـ 11 توم، 94 ـ بەت.

يېتىپ كەلگەن يېگانە كىتاب.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى چۈشكەن پېتى ساقلاش ئىشىدىكى ھوشيارلىقى ۋە چېكىگە يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋال. بۇنىڭغا مۇسۇلمان ئەمەس ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ گۇۋاھ.

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» يادقا ئېلىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دىن چۈشۈپ تۇرغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ساھابىلەرگە يادقا ئالدۇرۇش ۋە تېرىلەرگە، خورما يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە چۈشكەن ئايەتلەرنى چۈشىۋاتقان پەيتىدە يادقا ئېلىۋېلىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەتتا جىبرىل ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ شۇ لەھزىنىڭ ئۆزىدە يادلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىنى مىدىرلىتاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭغا تولۇق ئۆگىتىپ توپلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۇنىڭ

كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان.

مۇندىن باشقا، جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»دىن چۈشۈپ بولغان پۈتۈن ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنى ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر قېتىم باشتىن ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشى ئالدىدىكى رامىزاندا جىبرىل «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭغا باشتىن ئاخىر ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، يەنە تىڭشىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئەقلىنى ۋە ۋاقتىنىڭ كۆپرەكىنى «قۇرئان كەرىم»نى تەكرارلاشقا ۋە ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىپ، ئۆز پېتى ساقلاش ئىشىغا ئاتىغان ئىدى. شۇڭا بەش ۋاخ نامازلىرىدا، كېچىلەردىكى تەھەججۇدلىرىدا، سەپەرلىرىدە، ھەتتا ئۇرۇش ئەسنا-سىدا ئاغزىدىن «قۇرئان كەرىم» چۈشمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەت-لىرىدىن چۈشكەنلىرىنى ئۆز ۋاقتىدىلا ساھابىلەرگە يادقا ئالدۇراتتى، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»دىن ساۋاق بېرەتتى ۋە قانداق يادلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتەتتى، ساھابىلەرمۇ «قۇرئان كەرىم»نى يادلاش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ھەمىشە پەيغەمبەر ئە-لەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئاز-ئازدىن چۈشۈپ

تۇرغان ئايەتلەرنى تېزلا يادلىۋالاتتى ۋە يادلىغان ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ۋە ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى يادلاش ئىشىدا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشەتتى، كېچىلىرى مەسجىدلەرگە كىرىۋېلىپ بەس-بەستە قۇرئان يادلايتتى، يادلاپ بولغانلىرىنى تەكرارلايتتى، ھەتتا كېچىلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى مەسجىدلەردىن «قۇرئان كەرىم» تىلاۋىتى يۇكسىلىپ تۇراتتى.

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كۆپلىگەن كىتابلارنى چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ كىشىلەر يادلاپ باققان ئەمەس. ھەتتا ئۆتمۈشلەردە تەۋرات بىلەن ئىنجىللارنى ھەر قانداق بىر ئاۋام ئوقۇيالمايتتى، پەقەت دىن ئادەملىرىلا ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا يادلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالىملاردىن باشقا خەت ئوقۇشنى بىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ساھابىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى يادىسىغا بىلەتتى. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70 تىن كۆپرەك قارىينىڭ شېھىد بولغانلىقىمۇ شۇ ۋاقىتتا قارىيلارنىڭ كۆپلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دۇنيا تارىخىدا «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا بىرەر

كىتابنى بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىپ يادقا ئېلىش ئۆتمۈشلەردە ياكى ھازىردا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. بۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيا گۇۋاھ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى تاقىيامەتكىچە ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە تۈرتكىلىرىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نى يادلاشنى ئەڭ شەرەپلىك ئىبادەت قاتارىدىن ساناپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىدا ئۇنى يادلاش ئوتىنى ياندۇرغانلىقى ۋە ئۇنى يادلاشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ ساقلاشنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئىدى. (ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟)[1]. مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا ھېچقانداق بىر ساماۋى كىتابنى ياكى ھەدىسنى يادلىغانغا ياكى ئوقۇغانغا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلغانغىلا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا ھازىرغىچە دۇنيادا قارىيلار ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم «قۇرئان كەرىم»گە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى

---

[1] قەمەر سۈرىسى 22ـ ئايەت .

ھازىر مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرمۇ مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ھەر خىل مەنپەئەتلەر يۈزىسىدىن نەشىر قىلىپ تارقىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپكە چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىگەن.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلۈشى

«قۇرئان كەرىم» بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىلمۇ توشماستىن، ھىجرىيىنىڭ 12 ـ يىلى (631 ـ مىلادى) يەمامە ئۇرۇشىدىن كېيىنلا، رەسمىي كىتاب شەكلىدە توپلانغان. «قۇرئان كەرىم»نى كىتاب ھالىدا توپلاش پىكرىنى ئوت يۈرەك ساھابى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئاندىن ساھابىلەرنىڭ ئۆلىمالىرى «قۇرئان كەرىم»نى توپلاش پىكرىگە ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن. «قۇرئان كەرىم»نى كىتاب شەكلىدە توپلاپ چىقىش ئىشىنى زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئۈستىگە ئالغان.

## ◄ «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتى

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىبى ۋە «كۆتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، قارىيلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى، پەۋقۇلئاددە زېرەك، ھوشيار ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كېيىن خەلىپىلەر ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كاتىپ قىلىپ ئىشلەتكەن. زەيد ئىبنى سابىت جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باشتىن ئاخىر ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇش شەرەپىگە نائىل بولغان، ئىشەنچلىكلىكى، ئېھتىياتچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلغان ساھابىلەرنىڭ بىرى ئىدى. زەيد ئىبنى سابىت رىئاسەتچىلىكىدىكى«كۆتتابۇلۋەھيى» كومىتېتى ئەزالىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى توپلاپ، كىتاب شەكلىگە كىرگۈزۈشتە دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ، «كۆتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تېرىلەرگە، سىلىق تاشلارغا، خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىغا ۋە بەزى يوپۇرماقلىرىغا، شۇنداقلا تۆگە سۆڭەكلەرگە يېزىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى قارىيلارنىڭ يادلىغانلىرىغا

بىر ـ بىرلەپ سىيلىشتۇرۇپ، ھەر بىر قارىيدىن تىڭشىغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ توغرىلىقىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە يېزىپ ساقلانغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا يېزىلغانلىقىغا ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىشنى شەرت قىلغان. ئۇلار ھەربىر ئايەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن يېزىلغانلىقىغا ئەڭ ئاز ئىككى گۇۋاھچىنى قەسەم قىلدۇراتتى، ئاندىن شۇ ئايەتنىڭ ئۆزىنى قارىيلاردىن تىڭشاپ كۆرەتتى، قارىيلارنىڭ ئوقۇغىنى بىلەن يېزىلىپ ساقلانغىنى ئەينەن چىقسا، ئاندىن ئۇنى رەسمىي «قۇرئان كەرىم» قاتارىدىن ساناپ خاتىرىلەپ ماڭاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ قويغان تەرتىپ بويىچە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىزىپ چىقىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ھازىرقى كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاپشۇرۇپ ئالغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك چوڭ بىر ۋەزىپە ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نى توپلىغان«كۆتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بۇنى

ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار بۇ ئىشتا قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان كەچۈرۈلمەس چوڭ خىيانەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ناۋادا قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتۈلسە، ئۆزلىرىنىڭ خۇددى ئىلگىرىكى يەھۇدىي، خرىستىئان ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ تا قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا لەنەتكەردى بولۇپ قېلىش خەۋپىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلاتتى ۋە ياخشى بىلەتتى.



### ◄ «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋەھيىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ۋە كېيىنچە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ساھابىلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل قارىيلىرىدىن تاللاپ چىقىرىلغان ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئالىم، ئەڭ ھوشيار ۋە چېكىدە يەتكەن ئېھتىياتچان شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىنى جەملەپ، ئۇلارنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ئىشى ئۈچۈن ساق بىر يىل ۋاقىت كەتكەن. ساھابىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى «قۇرئان كەرىم»نى يادىسىغا بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز

ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»نى كىتاب شەكلىدە توپلاپ ئولتۇرۇشقا زور ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئېغىزدىن-ئېغىزغا يۆتكىلىپ يۈرگەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ھەتتا ئۇنى يادقا ئالمىغان ساھابىلەر ئۈچۈنمۇ تونۇشلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش پىلانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەد (ئىسلامدىن يېنىۋالغان) ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بولغان، تارىختا «يەمامە ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان ئۇرۇشتا ساھابىلەردىن كۆپ كىشىنىڭ شېھىد بولغانلىقى، ھەتتا قارىيلاردىن بۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك كىشىنىڭ شېھىد بولغانلىقى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغان قارىيلار تۈگەپ كەتسە ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەردىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى ھېس قىلغان. شۇنداق قىلىپ ساھابىلەر قارىيلارنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى رەتلەپ قويغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ تەرتىپى بويىچە كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈپ توپلاش قارارىغا كەلگەن.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى

«قۇرئان كەرىم» ھىجرىيىنىڭ 25-يىلى (645-

مىلادى) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ئۇنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن نۇسخىلاپ كۆپەيتىلگەن. «قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاپ كۆپەيتىش پىكرىنى قارىيلارنىڭ پېشىۋاسى ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىكرنى خەلىپىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلىمالار قوللىغان. «قۇرئان كەرىم»نى ھەر بىر قارىينىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان شىۋىدە ئوقۇشى ۋە ھەر بىرى قارىينىڭ ئۆزى ئوقۇغان شىۋىنى ھەممىدىن ئەۋزەل سانىشى نەتىجىسىدە چىققان ئىختىلاپنى يوق قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ھەممە بىر خىل قىرائەت ۋە بىر خىل شىۋىدە ئوقۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى بىرلا قۇرەيش شىۋىسىدە نۇسخىلاندۇرۇپ، ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتكەن.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاندۇرۇش ئۇسۇلى

«قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاش ئىشىنى «كۇتتابۇل-ۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق قاريي ساھابىلەر ئۈستىگە ئالغان. «قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلاندۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر

بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلانغان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدىن سوراپ ئېلىپ كېلىپ، نۇسخىلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ نۇسخىلاندۇرغان، ئاندىن ئەسلى نۇسخىنى يەنە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بېرىپ، يېڭى نۇسخىلاردىن بىرىنى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى ئىسلام ئەللىرىدىن ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن «قۇرئان كەرىم»نى بىردىن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن ۋە ھەر جايدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىنى ئوقۇش توغرۇلۇق مەخسۇس پەرمان چىقارغان. ئاندىن مۇشۇ قېتىم نۇسخىلاندۇرغاندىن باشقا قۇرئان دەپ سانالغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا نۇسخىلاندۇرغان «قۇرئان كەرىم» زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوقۇلۇۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىدۇر. بۇ نۇسخا «مۇسھەف ئوسمانى» (ئوسماني قۇرئان) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا كۆپەيتىلگەن «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرى 5 ئىدى، دېگەنلەرمۇ ۋە 6 ئىدى، دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇنىڭ مىسىر، بەھرەيىن، يەمەن، مەككە، بەسرە قاتارلىق شەھەرلەرگە بىردىن «قۇرئان كەرىم»نى بىردىن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدىكى قولىيازما نۇسخىلىرى

تۆتىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلىنىپ ۋە ھەر قايسى ئىسلام شەھەرلىرىگە ئەۋەتىلگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن يوقاپ كەتكەن. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى قولىيازما نۇسخىلاردىن بىرى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە، يەنە بىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپى سارىيى «مۇقەددەس ئامانەتلەر مۇزېيى» دا، يەنە بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى «مۇسۇلمانلار ئىدارىسى»نىڭ كۇتۇپخانىسىدا، تامغا ئورنىتىلغان مەخسۇس ئەينەك جىھازنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى سۆزلىنىدۇ.

## ◄ ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى

ئىلگىرى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر چېكىتسىز يېزىلاتتى. مەسىلەن: (ب، ت، ث، ى، ن)، (ج، ح،

خ)، (د، ذ)، (ر، ز)، (س، ش)، (ص، ض)،(ع، غ)، (ط، ظ)، (ف، ق) قاتارلىق ھەرپلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېكىتلەر يوق ئىدى. لېكىن ئەرەبلەر ئادىتى بويىچە بۇ چېكىتسىز ھەرپلەرنىڭ قايسىسى (ب)، قايسىسى (ت) ۋە قايسىسى (ث) ئىكەنلىكىنى سۆزنىڭ باش-ئاخىرىغا قاراپلا، ھېچبىر قىيىنچىلىق ھېس قىلماستىن بىلىۋالاتتى ۋە توغرا ئوقۇيتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇش بەلگىلىرىنى بېكىتىشكە ھاجەت يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، ئىسلام دىنى ئەرەب ئەمەس قەۋملەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشقا بولغان زور ئېھتىياجى ئەرەب ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئەرەب تىلىنى توغرا ئوقۇشى ئۈچۈن مەخسۇس قائىدە بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئۆز تىلىدا چۈشكەن بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرپلىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، توغرا ئوقۇپ كېتەلىگەن بىلەن، ئەرەب ئەمەس مىللەتلەر ئۇنى ئەرەپلەردەك ئوقۇيالمايتتى.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»گە ئوقۇش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى

ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكا قائىدىسىنى ۋە «قۇرئان

كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇش بەلگىلىرىنى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان ئادەم تابىئىن (ساھابىلەرنى كۆرگەن ئىككىنچى ئەۋلاد) ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇلئەسۋەد دۇئىلى (606 ـ 688م) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (660 ـ 601م) نىڭ ئەمرى بىلەن بۇ ئىشنى باشلاپ، ھەرپلەرنىڭ فەتھە (ـَـ)، كەسرە (ـِـ)، داممە (ـُـ) قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى بېكىتىپ چىققان. فەتھە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇش بىلەن، كەسرە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئاستىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، داممە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، سۇكۇن ئالامىتىنى ئىككى چېكىت بىلەن ئايرىۋالغىلى بولىدىغان قائىدىنى تۈزۈپ چىققان.

كېيىن خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەلفەراھىيدىي كېلىپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ھازىرقى زىر(ـَـ)، زىۋەر (ـِـ)، ۋە پېش (ـُـ) بەلگىلىرىنى قويۇپ تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ پۇختا ئۇسۇلنى ئىجاد قىلغان.

### ◄ ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى

ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى ۋە بەلگىلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلغان ئالىم خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەل فەراھىدى (790 ـ 718م) دېگەن كىشى

بولۇپ، ئۇ يەنە ھەمزە، شەددە ۋە باشقا بەلگىلەرنى تۈزۈپ چىققان. كېيىنچە ئەرەب تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسىنى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب تىلىنىڭ ئوقۇش قائىدىلىرى، ھەرپلەرنىڭ بەلگىلىرى، ھەرىكەتلىرى مۇقىملىشىپ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ خەت ئۇسلۇبى كۈندىن-كۈنگە كۆركەم ۋە چىرايلىق ھالغا كېلىپ، تەدرىجى ھالدا تەرەققىي قىلىپ بىرىپ ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكەن.



«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان شەكلى ھىجرىيە 3- ئەسىردە بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدىن بىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ شەكلى بىر خىل بولۇپ كەلمەكتە.

### ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە نەشر قىلىنىش تارىخى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە بېسىلغان تۇنجى نەشرى 1538 ـ يىلى ئىتالىيەدە بېسىپ چىقىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن 1694- گېرمانىيەدە، 1728 ـ يىلى تۈركىيەدە، 1787 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ سانىت پېتىربۇرگ شەھرىدە، 1802 ـ ھىندىستاندا، 1834 ـ يىلى گوللاندىيەدە، 1848 ـ يىلى تاتارىستان پايتەختى قازاندا شەھرىدە، 1823 ـ يىلى مىسىردا، 1949 ـ يىلى مەككىدە

بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئەمما بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە بولسا 12 ـ ئەسىردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۇنجى تەرجىمىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە بېسىلىشى پەقەت 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئەمەلگە ئاشقان بولدى.

## ◄ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى«قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى



«قۇرئان كەرىم» ھازىرغىچە، ھىندىستان، مىسىر، تۈركىيە ۋە باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەردە، ھەتتا ياپونىيە، جۇڭگو، موسكۋا ۋە ئىتالىيەلەرگە ئوخشىغان مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەردىمۇ نەشىر قىلىنىپ، تارقىتىلىپ كەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەئۇدى ئەرەبىستاندا «قۇرئان كەرىم»نى بىر خىل شەكىل ۋە بىر خىل خەت نۇسخىسى بىلەن بېسىپ ئۇنى پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى مەرھۇم فەھىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز نامىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھرىدە « «قۇرئان كەرىم» نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى» قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلغان ۋە ئاخىرى ئۇنى قۇرۇپ چىققان. چۈنكى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرى «قۇرئان كەرىم» چۈشۈپ تاماملانغان ۋە ئايەتلىرى توپلىنىپ،

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان مۇبارەك جاي ئىدى.

- **مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ تەسىس قىلىنىشى**

1984 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر كۈنى «‹قۇرئان كەرىم› نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئاكادېمىيىنىڭ بىناسى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ناھايىتى كۆركەم ھەم زامانىۋى شەكىلدە قۇرۇپ چىقىلغان. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ تەبۇك يولىغا جايلاشقان بولۇپ، 250 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر مەيدانىغا ئىگە. بۇ ئاكادېمىيىدە ئالىملار، قارىيلار، خەتتاتلار، ئىشچىلار بولۇپ جەمى 900 گە يېقىن ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇ ئاكادېمىيە يىلىغا 30 مىليوندىن كۆپرەك «قۇرئان كەرىم» بېسىپ چىقىش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى 10 مىليون ئەتراپىدا قۇرئان بېسىپ چىقارماقتا.

مۇندىن باشقا، تەپسىر ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرىنى بېسىپ تارقىتىشتىن تاشقىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر قارىيلارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن ئوقۇلغان «قۇرئان كەرىم» لېنتىلىرىنى نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ.

- **«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى**

« ‹قۇرئان كەرىم› نى نەشىر قىلىش ئاكادېمىيىسى»دە ھازىرغىچە ئىسپانىيە، گېرمانىيە، ئىنگلىز، ھىندونۇزىيە، ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس، ئۇردۇ، پارس، پاشتۇ، تۈرك، تايلاند، سومالى، فرانسۇز، كەشمىر، كورىيە، مىلىبارى، ھەۋسا، بورما، گرېك، زۇلۇ، بوسنا قاتارلىق 30 دىن كۆپرەك تىلدا «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىلىرى بېسىلىپ تارقىتىلغان.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## «قۇرئان كەرىم» تەپسىرلىرى

تەپسىر ـ ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرىدۇرۇپ بېرىدىغان، ئەھكاملىرىنى ۋە ھېكمەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئىلىم دېمەكتۇر[1]. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى ئۇنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدىن تاللاپ چىقارغاندەك، كىتاب چۈشۈرگەن پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۇ كىتابلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا چۈشۈرگەن. ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ﴾ يەنى ﴿قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتەيلى، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى) بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾[2]. ساماۋى دىنىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

[1] ئەللامە زەركەشىنىڭ «البرهان في علوم القرآن» ناملىق ئەسىرى 1– توم، 13– بەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى 4– ئايەت.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە شۇ جايدا بارلىق ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلگەن. ﴿إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ قُرْآنًا عَرَبِيًّا لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ چۈشۈردۇق﴾[1]. ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا چۈشۈرۈلگەن بۇ كىتابنى ياخشى چۈشىنەتتى، مەنىسى ئۇبدان بىلەتتى. ئەمما بۇ كىتاب گەرچە ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلگەن ئەرەبچە كىتاب بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى، پاساھىتى ۋە مۆجىزىسى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئەمەس ئىدى، ھەتتا ساھابىلەرمۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل ئەمەس ئىدى، ئۇلار چۈشەنمىگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن ئۆگىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر ـ بىرىدىن سوراپ ئۆگىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلغانلىقى ئىدى.

[1] يۈسۈف سۈرىسى 2– ئايەت.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى مۇپەسسىر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زامانىمىزغا قەدەر «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش ئىشى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:



- **بىرىنچى باسقۇچ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىر قىلىشى**

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ جانلىق تەپسىرى ئىدى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن تەپسىر قىلىپ بېرەتتى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندەك، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ئورناشتۇرۇپ بېرىشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾[1]، ﴿لاَ تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ . إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ . فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ .

[1] ھىجر سۈرىسى 9– ئايەت.

ثُـمَّ إِنَّ عَلَيْنَـا بَيَانَـهُ﴾ يەنـى ﴿(ئـى پەيغەمبـەر! ساڭا ۋەھيـى چۈشـۈۋاتقان چاغـدا) ئۇنـى ئېسـىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنـى مىدىرلاتمـا. چۈنكـى ئـۇ ۋەھيىنـى (سـېنىڭ دىلىڭغـا) توپـلاش ۋە ئۇنـى سـاڭا ئوقۇتـۇش بىزنىـڭ مەسـئۇلىيىتىمىزدۇر. شـۇڭا، بىـز ئۇنى(سـاڭا جىبرىـل ئارقىلـىق) ئوقـۇپ بەرگەنـدە، سـەن ئۇنـى (جىـم تـۇرۇپ) ئاڭلىغىـن. ئاندىـن ئۇنـى چۈشـەندۈرۈپ بېرىشـمۇ بىزنىـڭ مەسـئۇلىيىتىمىزدۇر﴾[1]. ئاندىـن ئالـلاھ تائـالا پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئـان كەرىم»نـى كىشـىلەرگە تەپسىر قىلىـپ بېرىشـكە بۇيـرۇپ مۇنـداق دېگـەن: ﴿وَأَنْزَلْنَـا إِلَيْـكَ الذِّكْـرَ لِتُبَـيِّنَ لِلنَّـاسِ مَـا نُـزِّلَ إِلَيْهِـمْ وَلَعَلَّهُـمْ يَتَفَكَّـرُونَ﴾ يەنـى ﴿ بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار) نـى بايـان قىلـىپ بەرسـۇن، ئـۇلار تەپەككـۇر قىلسـۇن دەپ چۈشـۈردۇق﴾[2]. شـۇڭا سـاھابىلەر چۈشـىنەلمىگەن ئايەتلەرنـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامدىن سـورايتتى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئۇلارغـا ئـەڭ مۇكەممـەل شـەكىلدە چۈشـەندۈرۈپ بېرەتتـى. «قۇرئـان كەرىـم» سـاپ ئـەرەب تىلىـدا چۈشـۈرۈلگەن بىـر ئەرەبچـە كىتـاب بولغانلىقتىـن، سـاھابىلەر ئايەتلەرنـى ئومۇمـەن تولـۇق چۈشـىنىپ كېتەلىگەنلىكتىـن، ئۇلارنىـڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سـورايدىغانلىرى پەقـەت چۈشـىنىش قىيىـن بولغـان

[1] قىيامەت سۈرىسى 16–17– ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى 44– ئايەت.

ئايەتلەر ئۈستىدىلا بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ھەممە ئايەتنىڭ تەپسىرىنى سوراپ ئولتۇرمايتتى. مەسىلەن: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ أُولَئِكَ لَهُمُ الْأَمْنُ وَهُمْ مُهْتَدُونَ﴾ يەنى ﴿ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا ھەرقانداق بىر زۇلۇمنى (مۇشرىكلىكنى) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە كەلسەك، (ئازابتىن) ئەمىنلىك ئەنە شۇلارغا خاستۇر. ئۇلار توغرا يولنى تاپقۇچىلاردۇر﴾[1] دېگەن ئايەت چۈشكەن چاغدا، بۇ ئايەت ساھابىلەرگە قاتتىق ئېغىر كېلىدۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ: «يارەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا ئۆزىگە زۇلۇم قىلمايدىغان كىم بار؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ ئايەتنى يەنە باشقا ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىپ بېرىپ: «بۇ ئايەتتىكى زۇلۇم سىلەر چۈشەنگەن زۇلۇم ئەمەس، سىلەر ياخشى بەندە (لۇقمان ھەكىم)نىڭ ﴿يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾[2] دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟» دېگەن. دېمەك، ئالدىنقى ئايەتتىكى«زۇلۇم» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئادەتتە ساھابىلىرى سورىمىسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ئايەتلەرنى

[1] ئەنئام سۈرىسى 82- ئايەت.

[2] سۈرە لۇقمان: 13- ئايەت.

تەپسىر قىلىپ بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلغانمۇ؟

ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلىپ بەرگەنمۇ ياكى ساھابىلەر چۈشىنەلمەي قالغان قىسمىنىلا تەپسىر قىلىپ بەرگەنمۇ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تولۇق تەپسىر قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئەللامە سۇيۇتى[1] قاتارلىق ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئايەتنىڭ تەپسىرىنى قىلمىغانلىقىنى، پەقەت ساھابىلەر چۈشىنەلمەي سورىغان ئايەتلەرنىڭلا تەپسىرىنى قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەللامە مۇھەممەد ھۈسەين زەھەبى «تەپسىر ۋە مۇپەسسىرلەر»ناملىق ئەسىرىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەلىل – ئىسپاتلىرىنى ۋە دەتالاشلىرىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى ئىككى خىل كۆزقاراشنىڭ دەلىللىرىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، كۆڭلىمىز

[1] تولۇق ئىسمى– جالالىددىن سۇيۇتى ھىجرىيەنىڭ 849 – يىلى (1445م) مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە تۇغۇلغان، فىقھ، تەپسىر ۋە تارىخ ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ئالىم، « ئەددۇرل مەنسۇر» ، «تەپسىرى جەلالەين» قاتارلىق تەپسىرلەرنى ۋە كۆپلىگەن ئىسلامىي ئەسەرلەرنى يازغان، ھىجرىيەنىڭ 911 – يىلى (1505م) ئالەمدىن ئۆتكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئارام تاپىدۇكى، بۇ ئىككى خىل كۆزقاراشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ مۇنداق دەيمىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن كۆپلىرىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىسلەرمۇ گۇۋاھتۇر. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلمىغان. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»دە مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدىغان، ئالىملارلا چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئەرەبلەر ئۆز تىلى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن بىلىدىغان ئايەتلەر، يەنە ھەركىم ئاسانلا چۈشىنەلەيدىغان ئايەتلەر بار. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ‹تەپسىر تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئەرەبلەر ئۆز تىلى ئارقىلىق بىلىدىغان تۈرى، ئىككىنچىسى، ھەركىم چۈشىنەلەيدىغان تۈرى، ئۈچىنچىسى، ئالىملارلا چۈشىنىدىغان تۈرى، تۆتىنچىسى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان تۈرىدۇر› [1].

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئە-رەبلەر ئۆزى چۈشىنەلەيدىغان ئايەتلەرنى تەپسىر قىلمىغان. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ تىلىدا چۈشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كىشىلەر دەرھال چۈشىنەلەيدىغان ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى

[1] تەپسىرى تەبەرى: 1– توم، 25– بەت.

قىلمىغان. چۈنكى بۇنداق ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى، روھ ۋە غەيبكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەرنى تەپسىر قىلمىغان. پەقەت ئۆزىگە بىلدۈرۈلگەن بەزى غەيبلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ساھابىلىرىگە ئۆچىنچى تۈرگە كىرىدىغان ئايەتلەرنى، يەنى ئالىملار ئىجتىھاد بىلەن بىلەلەيدىغان قىسمىنى بايان قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئايەتلەردە ئىجمالىي بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىش، ئومۇمىي ئەھكاملارنى خاسلاشتۇرۇش، چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش»[1].

كۆپ سانلىق ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلمىغانلىقىغا، پەقەت تەپسىر قىلىشقا زۆرۈرىيەت تۇغۇلغان ئايەتلەرنى ۋە ساھابىلەر سورىغان ئايەتلەرنىلا تەپسىر قىلىپ بەرگەن دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەھكام ئايەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن

[1] ئەللامە زەھەبىنىڭ «تەپسىر ۋە مۇپەسسىرلەر» ناملىق ئەسىرى: 1- توم، 50- بەت.

بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئايەتلەرنى كۆپ شەرھلەپ كەتمىگەن. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ تەپسىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىزدىنىشىگە تاپشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى«قۇرئان كەرىم» دىن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلار مەلۇم بىر زامان ۋە مەخسۇس بىر ماكانلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا چۈشۈرۈلگەن بولسا، «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى ئىلىم ـ پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە زاماننىڭ ئىلگىرلىشىگە ئەگىشىپ ھەر بىر دەۋرنىڭ سەۋىيەسىگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلىشى تەقەززا قىلىنىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ ھەممىسىنى تەپسىر قىلىپ ئۇنىڭدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇقلىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىيتى ئۇلارنى قوبۇل قىلالمىغانلىقتىن، دىنىنىڭ ئاساسىي جەۋھەرىي مەسىلىلىرىگە دەخلى يەتكەن بولاتتى. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» نى كىشىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەقلىيتى ۋە ئىلمىي سەۋىيىسىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تەپسىر قىلغان بولسا، كېيىنكىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى تەپسىر قىلىش يولى تامامەن ئېتىلگەن بولۇپ، ئىلىم ـ

پەن ئەسىردە مەيدانغا چىقىپ تۇرىدىغان «قۇرئان كەرىم» سىرلىرىنى تەپسىر قىلىپ ئېچىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرىدىن كېيىن باشقا تەپسىرگە ھاجەت قالمايتتى. تەپسىر قىلىنغاندىمۇ مۇسۇلمانلار ئاممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايتتى. شۇ سەۋەبتىن تەپسىر يولىنى ئوچۇق قويۇپ قويغان».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان تەپسىرلىرى ئاساسەن چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئوچۇقلاش، ئومۇمىيلىق چۈشىنىلىپ قالىدىغان ئايەتلەرنى خاسلاشتۇرۇش، ئايەتلەردە كەلگەن بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان.

- **ئىككىنچى باسقۇچ: ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىشى**

بىز باشتا ئېيتقاندەك ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئومۇمەن تولۇق چۈشىنىپ كېتەلىسىمۇ، يەنىلا بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش سەۋىيەدە ئەمەس ئىدى. مۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئەرەب تىلىنىڭ پاساھىتىنى بىلىشتىكى سەۋىيەسىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرغان ۋاقتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئايەتلەرنىڭ

چۈشۈش سەۋەبلىرىنى بىلىشتە بىر خىل بولماسلىقى، شەرىئەت بىلىملىرىنى بىلىشتە بىر خىل ئەمەسلىكى قاتارلىقلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنى ياكى سۆزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ ئۆگىنەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار چۈشىنەلمىگەن ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىر قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانلار بولسا شۇلاردىن سورايتتى، ئاڭلىغانلار چىقمىسا، بىر ـ بىرىدىن سوراپ ئۆگىنەتتى ۋە ئۆزلىرى ئىجتىھات قىلىپ تەپسىر قىلاتتى.



### ◄ ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىش مېتودى

ساھابىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشتىكى مەنبەسى قۇرئان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئىجتىھاد ۋە ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەردىن ئىبارەت تۆت ئىدى. بۇلارنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

#### • 1 ـ قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى بەزى مەسىلىلەر بىر سۈرىدە ئىخچام ۋە قىسقا بايان قىلىنغان بولسا، يەنە بىر سۈرىدە كەڭ ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بەزى ئايەتلەردە

بايـان قىلىنغـان ئومۇمـي ھۆكـۈم يەنـە باشـقا ئايەتلـەردە مەلـۇم شـارائىت ياكـى ئەھۋالغـا خـاس قىلىنغـان بولـۇپ، بـۇ ئايەتلـەر بىـر ـ بىرىنى تەپسـىر قىلىدۇ. مەسـىلەن: قىسسـىلەر بـەزى سـۈرىلەردە ناھايىتـى ئىخچـام بايـان قىلىنغـان بولسـا، يەنـە باشـقا سـۈرىلەردە مەزكـۇر قىسسـىلەر تەپسـىلىي ۋە كـەڭ بايـان قىلىنغـان. ئـادەم ئەلەيھىسسـالام بىلەن ئىبلىس، مۇسـا ئەلەيھىسسـالام بىلـەن پىرئـەۋن قىسسـىلىرى بۇنـىڭ مىسـالى. مۇنـداق تەپسـىر قىلىـش بارلىـق تەپسـىر ئۇسـۇللىرىنىڭ ئـەڭ ياخشىسـىدۇر. شەيخۇلئىسـلام ئىبنـى تەيمىيەمـۇ شـۇنداق دېگـەن[1].



### • 2 ـ قۇرئاننـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ھەدىسـلىرى بىلـەن تەپسـىر قىلىـش

ساھابىلەر ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى ئايەتلەردىن تاپالمىسا، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇنى بايان قىلىپ بېرەتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: (بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق)[2].

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مقدمة في أصول التفسير» ناملىق ئەسىرى 93 ـ بەت.

[2] سۈرە نەھل 44 ـ ئايەت.

### • 3 - قۇرئاننى ئىجتىھات بىلەن تەپسىر قىلىش

ساھابىلەر ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى باشقا ئايەتلەردىن تاپالمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئايەت توغرۇلۇق قىلغان تەپسىرى بولمىسا، ئۇلار ئۆز ئىلمىگە تايىنىپ ئىجتىھات يولى بىلەن تەپسىر قىلاتتى. چۈنكى ئۇلار ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى ياخشى بىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرى چۈشۈۋاتقان زامانلاردا ياشىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە كۆپ بولغان كىشىلەر ئىدى.



### • 4 - قۇرئاننى ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش

«قۇرئان كەرىم» بەزى مەسىلىلەردە، خۇسۇسەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدە، ئۆتمۈشتىكى ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرىدە «تەۋرات» بىلەن مۇۋاپىقلىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم» يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە مۆجىزىلىرىدە «ئىنجىل» بىلەن مۇۋاپىقلىشىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى

پۈتۈن جەريانى بويىچە تەپسىلىي بايان قىلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەھۋالى توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالمىغان، پەقەت ئىبرەتلىك تەرىپىنىلا بايان قىلىشقا كۇپايە قىلغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنسان قىسسىلەرنى تەپسىلىي ئاڭلاشقا قىزىقىدۇ، كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىشنى خالايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم» دىكى قىسسىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ۋە كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن مۇسۇلمان بولغان ئابدۇللا ئىبنى سالام، كەئب ئەل ئەھبار قاتارلىق ئۆلىمالارغا مۇراجىئەت قىلاتتى. بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ماۋزۇدا ھېچقانداق مەلۇمات كەلمىگەن شارائىتتا خاس ئىدى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بايان قىلغان بولسا، ئۇنى باشقىلاردىن سوراش توغرا ئەمەس ئىدى، ساھابىلەر بۇنى ئوبدان بىلەتتى[1].

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ساھابىلەرنىڭ ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىغا مۇراجىئەت قىلىشى ئالدىنقى ئۈچ مەنبەگە نىسبەتەن مۇھىم ئورۇندا تۇرمايتتى. چۈنكى «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»لارغا نۇرغۇنلىغان ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كىتابلارغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى. ئەمما ئەھلى كىتابتىن مۇسۇلمان بولغان ئابدۇللا ئىبنى سالام ۋە كەئب ئەل

[1] دوكتور مۇھەممەد ھۈسەين زەھەبىنىڭ «التفسير والمفسرون» ناملىق ئەسىرى: 1– توم، 56– بەت.

ئەھبار قاتارلىق ساھابىلەر ئۆزلىرى ئالىم بولغانلىقتىن، «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردىكى توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالايتتى. شۇڭا بەزى قىسسىلەردە ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## ◄ ساھابىلەرنىڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلىرى

ساھابىلەردىن ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئاففاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، ئۇبەييە ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتارلىق زاتلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىگە تەپسىر قىلىشتا تونۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغان مەشھۇرلىرى تۆت ساھابە بولۇپ، ئۇلار: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ۋە ئۇبەييە ئىبنى كەئب قاتارلىقلاردۇر. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفە شەھرىدە، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدە، ئۇبەييە ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە تەپسىر ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، نۇرغۇنلىغا مۇپەسسىرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

## ◄ ئۈچىنچى باسقۇچ: تابىئىنلارنىڭ زامانىدىكى تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى

تابىئىنلارنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ساھابىلەرنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوق ئىدى. چۈنكى تابىئىنلار ساھابىلەرنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلار تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى ساھابىلەردىن ئۆگەنگەن ۋە ساھابىلەر قوللانغان پىرىنسىپلارنى قوللانغان بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال ئايەتنى ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىش، بۇ مۇمكىن بولمىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش، ھەدىس تېپىلمىغاندا ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش، ئۇمۇ بولمىغاندا، ئۆز ئىجتىھادى بىلەن تەپسىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. تابىئىنلارنىڭ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى كېيىنچە كېڭىيىپ بېرىپ، ئەھلى كىتابقا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەرنى ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەپسىر قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، بۇ ئارىدا ئۇلار تەپسىرلىرىگە (ئىسرائىلىيات) دەپ ئاتالغان نۇرغۇنلىغان خۇراپاتلارنى كىرگۈزۈۋەتكەن. تابىئىنلاردىن چىققان مۇپەسسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى: مۇجاھىد ئىبنى جەبرى، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەتا، ئىكرىمە، ھەسەن بەسرى، زەيد ئىبنى ئەسلەم، قەتادە، مۇھەممەد ئىبنى كەئب ئەلقەرزى، ئەبۇل ئالىيە رىياھى ئامىر شەئبى

قاتارلىقلاردۇر[1].

## ◄ تۆتىنچى باسقۇچ: تەپسىرنىڭ توپلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا، كېيىن ساھابىلەرنىڭ زامانىدا، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدە قىلىنغان تەپسىرلەر ھەممىسى دېگۈدەك ئاغزاكى رىۋايەت تەرىقىسىدە بولۇپ كەلگەن بولۇپ، توپلىنىپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلمىگەن. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندا توپلانغانلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بىر قانچە ئايەتنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەدىسلەرنىڭ توپلىنىشقا باشلىشى بىلەن تەپسىرلەرمۇ كىتاب ھالىغا كېلىشكە باشلىغان. ئەمما تەپسىرنىڭ كىتاب ھالىغا كېلىش جەريانى تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن:

### • بىرىنچى: تەپسىرنىڭ ھەدىس توپلاملىرى قاتارىدا توپلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى توپلىنىشقا باشلىغاندا، قىسمەن تەپسىرلەرمۇ ھەدىس توپلاملىرىنىڭ بابلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇستەقىل تەپسىر

[1] دوكتۇر فەھد ئىبنى ئابدۇراھمان رۇمىنىڭ «بحوث فى أصول التفسير ومناهجه» ناملىق ئەسىرى33– بەت.

بولماستىن، پەقەت ھەدىسنىڭ تاھارەت بابى، ناماز بابى، ھەج بابى دېگەنگە ئوخشاش بۆلەكلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ توپلانغان.

- **ئىككىنچى: تەپسىرنىڭ مۇستەقىل توپلىنىشى**

بۇ باسقۇچتا تەپسىر مۇستەقىل كىتاب ھالىتىدە توپلانغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلىنىپ توپلانغان. ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى خىلكان قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، تەپسىرنى تۇنجى بولۇپ توپلىغان كىشى ئابدۇلمەلىك ئىبنى جۇرەيج (80 ـ 140ھ) دېگەن كىشىدۇر. بۇ باسقۇچتا تەپسىر يازغان مۇپەسسىرلەر ئىبنى ماجە (273ھ)، ئىبنى جەرىر تەبەرى (310ھ)، ئەبۇ بەكرى نىساپۇرى (318ھ)، ئىبنى ئەبۇ ھاتىم (327ھ)، ئىبنى ھىببان (369ھ)، ھاكىم (405ھ) ئىبنى مەردۇۋيە (410 ھ) قاتارلىقلاردۇر[1].

- **بۇ باسقۇچتىكى تەپسىرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى**

بۇ باسقۇچتا توپلانغان تەپسىرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە كەلسەك، (1) بۇ تەپسىرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ،

[1] ئىمام زەھەبىنىڭ «التفسير والمفسرون»ناملىق ئەسىرى، 1– توم 128– بەت.

ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ تەپسىرلىرىنى ئاساس قىلاتتى. (2) بۇ تەپسىرلەر دەسلەپكى مۇپەسسىرگە مەنسۇپ قىلىنغان ھالدا زەنجىرسىمان بايان قىلىناتتى. (3) بۇ تەپسىرلەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ راست يالغانلىقى سۈرۈشتە قىلىنماستىن بايان قىلىناتتى. (4) بۇ تەپسىرلەردە ئەھلى كىتابنىڭ خۇراپاتلىرى (ئىسرائىلىيات) ناھايىتى كۆپ ئورۇن ئالغان[1].

• **ئۈچىنچى: رىۋايەتلەرنى قىسقارتىپ ئىجتىھاد بىلەن تەپسىر قىلىش**



بۇ باسقۇچ تەپسىر باسقۇچلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچ بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر تەپسىرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ سەنەدلىرىنى، ئىلگىرىكى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىنى قىسقارتىۋېتىپ، ئۆزلىرى نەقىل كەلتۈرگەن رىۋايەتلەرنىڭ توغرا، خاتالىقىنى سۈرۈشتە قىلماستىنلا بايان قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەتەرلىك خۇراپاتلارنى، ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان رىۋايەتلەرنى بازارغا سالغان. بۇ باسقۇچتا يەنە ئۆز رەئيى بىلەن تەپسىر قىلىش، ھەربىر مەزھەبنىڭ مۇپەسسىرى ئۆزىنىڭ مەزھىبىنى كۈچلەندۈرۈپ باشقىلارنى باتىلغا چىقىرىش،

[1] دوكتۇر فەھد ئىبنى ئابدۇراھمان رۇمىنىڭ «بحوث في أصول التفسير ومناهجه» ناملىق ئەسىرى 36–37- بەتلەر.

هەتتا ھەركىم ئۆزى مۇتەخەسسىس بولغان ئىلىم ئۇستىدىلا توختىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن بولۇپ، فەقىھ فىقھى مەسىلىلىرىنىلا، ئەدىب پاساھەتىنىلا، تىلشۇناس گراماتىكىنىلا بايان قىلىش بىلەن ئۆز تەپسىرىنى تولدۇرغان. يەنە بۇ باسقۇچتا تەپسىر قىلىش سالاھىيىتى يوق تۇرۇپ ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش خاھىشى باش كۆتۈرگەن ئىدى[1].



## ◄ تەپسىرنىڭ تۈرلىرى

تەپسىر ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى: مەئسۇر تەپسىر (التفسير بالمأثور)، ئىككىنچىسى: ئىجتىھادىي تەپسىر (التفسير بالرأى) دىن ئىبارەتتۇر.

### • بىرىنچىسى: مەئسۇر تەپسىر

مەئسۇر تەپسىر – ئايەتلەرگە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يېتىپ كەلگەن تەپسىرگە ۋە ياكى ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن تەپسىرگە ئاساسلىنىپ قىلىنغان تەپسىر دېگەنلىكتۇر. بەزى ئۆلىمالار مەئسۇر تەپسىرنى: «مەئسۇر تەپسىر – ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ توغرا نەقىلگە تايىنىدىغان،

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «الاتقان» ناملىق ئەسىرى 2– توم، 190– بەت.

دەلىلگە ئاساسلىنىدىغان، ئۆز رەيى بىلەن بويىچە ئىش كۆرۈلمەيدىغان تەپسىردۇر»[1]دەپ تەرىپلىگەن. مەئسۇر تەپسىر بارلىق تەپسىر تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ئىشەنچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق تەپسىردە مۇپەسسىر يا ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى يەنە ئۇنىڭ كالامى بىلەن تەپسىر قىلغان بولىدۇ ياكى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغان بولىدۇ. ساھابىلەرنىڭ تەپسىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاساسلانغانلىقتىن، ساھابىلەرنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغانلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغان بولۇپ سانىلىدۇ.



- **مەئسۇر تەپسىلەرنىڭ مەشھۇرلىرىدىن ئۆرنەكلەر**

ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدىن تا ھازىرقى زامانىمىزغا قەدەر كەلگەن مەئسۇر تەپسىلەرنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تەپسىرى تەبەرى (جامع البيان في تفسير القرآن).
2. تەپسىرى سەمەرقەندى (بحر العلوم).
3. تەپسىرى بەغەۋى (معالم التنزيل).

---

[1] دوكتۇر فەھد ئىبنى ئابدۇراھمان رۇمىنىڭ «بحوث في أصول التفسير ومناهجه» ناملىق ئ.ەسىرى 71– بەت.

4. تەپسىر سەئلەبى (الكشف والبيان عن تفسير القرآن).
5. تەپسىرى ئىبنى ئەتىيە (المحرر الوجيز فى تفسير الكتاب العزيز).
6. تەپسىرى سۇيۇتى (الدر المنثور فى التفسير بالمأثور).
7. تەپسىرى ئىبنى كەسىر (تفسير القرآن العظيم).
8. تەپسىرى سەئلەبى (الجواهر الحسان فى تفسير القرآن).
9. تەپسىرى شەۋكانى (فتح القدير).
10. تەپسىرى شىنقىتى (أضواء البيان فى إيضاح القرآن).



- **ئىككىنچىسى: ئىجتىهادىي تەپسىر**

ئىجتىهادىي تەپسىر - «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى كۈچى بىلەن (ئىجتىهاد يولى بىلەن) تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل تەپسىر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بىرى، قوبۇل قىلىنىدىغان تەپسىر، يەنە بىرى، قوبۇل قىلىنمايدىغان تەپسىردۇر.

قوبۇل قىلىنىدىغان تەپسىر - «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تايانغان تەپسىر بولۇپ، مۇپەسسىرنىڭ ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، بۇ تىلنىڭ قائىدە ۋە ئۇسلۇبلىرىنى ياخشى بىلىدىغان، شەرئەت پىرىنسىپلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى ئوبدان بىلىدىغان بولۇشى شەرتتۇر. مۇپەسسىر بۇ يەردە ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش

ئۈچۈن بارچە ئەقلىي ۋە ئىلمىي كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ، ئەرەب تىلىدىكى ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىدىكى ماھارىتىنى جارىي قىلدۇرىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇ خىلدىكى تەپسىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئاللاھ تائالادىن تىلىگەن تەپسىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئاللاھ! ئۇنى دىندا ئالىم قىلغىن، ئۇنىڭغا تەپسىر ئىلمىنى بىلدۈرگىن» دەپ دۇئا قىلغان. كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ خىل تەپسىرنى قوللايدۇ.

قوبۇل قىلىنمايدىغان تەپسىر – «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ھېچقانداق دىنىي نەقلىنى ئاساس قىلماستىن، پەقەت ئۆز ئەقلىگە ۋە ئۆزىنىڭ خاھىشىغا تايىنىپ تەپسىر قىلىشتۇر. كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق تەپسىرنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ، مۇنداق تەپسىر قىلىشنى بىدئەت سادىر قىلغانلىق دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى مۇنداق تەپسىرنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلارنىڭ كۆپ سانلىقى خاۋارىج، شىئە، راپىزى، باتىنىيە دېگەندەك ئازغۇن مەزھەبلەرنىڭ مەنسۇبلىرى بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن مەزھەبلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ تەپسىر قىلغان. كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ خىل تەپسىر قىلىشنى قەتئىي ھارام دەپ قارايدۇ. تۆۋەندە كۆپچىلىك ئۆلىمالار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان

ئىجتىھادىي تەپسىرلەردىن بەزى ئۆرنەكلەر بىرىلىدۇ.

- **ئىجتىھادىي تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرىدىن ئۆرنەكلەر**

1. تەپسىرى كەششاف (الكشاف).
2. تەپسىر رازى (مفاتيح الغيب).
3. تەپسىرى نەسەفى (مدارك التنزيل وحقائق التأويل).
4. تەپسىرى خازىن (لباب التأويل في معاني التنزيل).
5. تەپسىر ئىبنى ھىببان(البحر المحيط).
6. تەپسىرى بەيداۋى (أنوار التنزيل وأسرار التأويل).
7. تەپسىر جەلالەين (تفسير الجلالين).
8. تەپسىرى ئەبۇ سۇئۇد (إرشاد العقل السليم الى مزايا الكتاب الكريم).
9. تەپسىرى ئالۇسى (روح المعانى فى تفسير القران العظيم والسبع المثانى).
10. تەپسىرى مەنار (تفسير المنار).
11. تەسىرى فى زىلالىل قۇرئان(فى ظلال القرآن).
12. تەپسىرى ۋادىھ (تفسير الواضح).

## ◄ تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبى

مۇپەسسىرلەر ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل

ئۇسـۇلىنى قوللانغـان:

1. تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىش (التفسير التحليلى).
2. ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىش (التفسير الإجمالى).
3. سېلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىش (التفسير المقارن)
4. ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش (التفسير الموضوعى).

- **بىرىنچى: تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىش**

تەھلىل قىلىپ تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر ئايەتلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىكى تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلىپ، ئايەتتىكى ھەربىر كەلىمە، ھەربىر جۈملىنى گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا تەرەپتىن ئىنچىكە تەتقىق قىلىدۇ، ھەربىر ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان شەرئەت ھۆكمى ۋە ئومۇمىي مەنىسى قاتارلىقلار تەرەپلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. شەكسىزكى، مۇنداق تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبى ئەڭ قەدىمىي ئۇسلۇب بولۇپ، تەپسىر يېزىش ئىشى باشلانغان دەسلەپكى چاغلاردا مۇشۇنداق تەپسىر قىلىناتتى.

- **بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى**

1. تەپسىرى تەبەرى (جامع البيان فى تفسير القرآن).
2. تەپسىرى خازىن (لباب التأويل فى معانى التنزيل).

3. تەپسىرى سەئلەبى (الجواهر الحسان فى تفسير القرآن).
4. تەپسىرى ۋاھىدى (الوسيط فى تفسير القان المجيد).
5. تەپسىرى بەغەۋى (معالم التنزيل).
6. تەپسىرى ئىبنى ئەتىيە (المحرر الوجيز فى تفسير الكتاب العزيز).
7. تەپسىرى شەۋكانى (فتح القدير)..
8. تەپسىرى ئىبنى كەسىر (تفسير القرآن العظيم) قاتارلىقلاردۇر.

بۇ ئۇسۇلدىكى تەپسىرلەر بەزىسى ئىخچام ھەتتا بىر توملۇق، بەزىسى چوڭ ھەجىملىك ھەتتا ئوتتۇز توملۇق بولۇپ چىققان.

- **ئىككىنچى: ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىش**

ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنى بىر قانچە پارچىغا بۆلۈپ چىقىپ، ھەربىر پارچىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن ئوچۇقلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي تەپسىرىنى قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى تەپسىرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى:

تەپسىرى سەئدى (تيسير كريم الرحمن فى تفسير كلام المنان).

تەپسىرى ناسىرى (التيسير فى أحاديث التفسير).

تەپسىرى شەلتۇت (تفسير الأجزاء العشرة الأولى) قاتارلىقلاردۇر.

- **ئۈچىنچى: سېلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىش**

سېلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلىشتا مۇپەسسىر بىر ياكى بىر قانچە ئايەتنى تەپسىر قىلىش ئۈچۈن، شۇ ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلەردىن، ھەدىسلەردىن، ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن، تابىئىن ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن ئىبارەت دەلىللەرنى توپلايدۇ. ئاندىن بۇ دەلىللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ، كۆز قاراشلارنىڭ قايسى كۈچلۈك، قايسى ئاجىز ھەممىنى كۆرۈپ چىقىدۇ، ئاندىن دەلىلى ئەڭ كۈچلۈك بولغان كۆزقاراشنى تەرجىھ قىلىدۇ(كۈچلەندۈرىدۇ). بۇ خىل تەپسىر قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ مەيدانى كەڭ ۋە تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ.

بۇ خىل تەپسىردە ئايەت بىلەن ئايەتنى، ئايەت بىلەن ھەدىسنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئايەتتە مەقسەت قىلىنغا مەنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئايەت بىلەن «تەۋرات» تېكىستلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەۋزەللىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بەزىدە مۇپەسسىرلەرنىڭ بىرەر ئايەت ئۈستىكى بايانلىرىنى ۋە ھەربىرىنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق

دەلىلى ئەڭ كۈچلۈك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان تەپسىرلەرنىڭ ئەڭ تونۇلغان تەپسىرى تەبەرىدۇر.

بۇ خىل سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ كۆپتۇر. دوكتور مۇررىس بۇكاينىڭ «قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە ئىلىم» ناملىق ئەسىرى، ئىبراھىم خەلىلنىڭ «تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن مۇھەممەد» ناملىق ئەسىرى بۇنىڭ مىسالى.



- **تۆتىنچى: ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش**

بۇ ئۇسۇلدا مۇپەسسىر ئايەتلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىكى تەرتىپى بويىچە تەپسىر قىلماي، ئۆزى توختالماقچى بولغان ماۋزۇدا كەلگەن بارلىق ئايەتلەرنى توپلاپ چىقىپ، شۇ ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىش ئارقىلىق بۇ ئايەتلەردىكى ئورتاق مەقسەتنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا تەپسىر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلانغان بولۇپ، زامانىمىزدىمۇ داۋاملاشماقتا. ئەمما (التفسير الموضوعى) دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھىجرىيە ئون تۆتىنچى ئەسىردىن بېرى قوللىنىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق تەپسىر قىلىشنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش، يەنى . بىر ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلەرنى توپلاپ تەپسىر قىلىش، ئەھكام ئايەتلىرىنى

تەپسىر قىلىش بۇنىڭ مىسالى.

ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەپسىر قىلىش ئۇسۇلمۇ ھەرخىل تۈردە بولغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

- **1 - قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش**

بىر ماۋزۇدا كەلگەن بارلىق ئايەتلەرنى توپلاپ، بۇ ئايەتلەرنى بىر - بىرى بىلەن تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى تەپسىر قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭ پايدىسى كۆپ ۋە پەزىلىتى يۇقىرىدۇر.



- **2 - ئەھكام ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلىش**

ئەمەل - ئىبادەت، مۇئامىلە، قانۇن - تۈزۈم، ئائىلە، جەمئىيەت قاتارلىق فىقھىي مەسىلىلەرنى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىلا تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى قەدىمىي ئۇسۇللاردىن بولۇپ، بۇ ماۋزۇدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئەللامە ئەبۇ بەكىر قۇرتۇبىنىڭ «ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ توپلىمى» (الجامع لأحكام القرآن) ناملىق ئەسىرى.
2. ئەللامە ئەھمەد ئىبنى ئەلى رازى جەسساسنىڭ «قۇرئان ئەھكاملىرى» (أحكام القرآن) ناملىق

ئەسىرى.

3. ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەل ئەرەبىنىڭ «قۇرئان ئەھكاملىرى» (أحكام القرآن) ناملىق ئەسىرى.

4. مۇھەممەد سىددىق ھەسەنىنىڭ «ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى» (نيل المرام من تفسير أيات الأحكام) ناملىق ئەسىرى.



### • 3 ـ ئايەتلەرنى ئوخشاشلىرى بىلەن تەپسىر قىلىش

بۇنىڭدا مۇپەسسىر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى بىرەر سۆزنىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ سۆز ئىشلىتىلگەن ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىنى قىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلداس يېزىلغان تەپسىرلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئەڭ بېشىدا مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيماننىڭ «قۇرئاندىكى ئوخشاشلار» (الأشباه والنظائر في القرآن) ناملىق تەپسىرىدۇر.

### • 4 ـ تەپسىر تەتقىقاتى

بۇ خىل تەپسىردە مۇپەسسىر بىرەر ماۋزۇدىكى بارلىق ئايەتلەرنى توپلاپ چىقىپ، شۇ ماۋزۇدىلا تەپسىر يېزىش. مىنەسىلەن: مەنىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەتلەر، قەسەم، مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەر، قىسسىلەر

قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان تەپسىرلەرمۇ كۆپ بولۇپ، مەشھۇرلىرى:

1. ئەبۇ ئۇبەيدە ئەلقاسىم ئىبنى سالامنىڭ «قۇرئاندىكى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ۋە ئەمەلدىن قالغۇچى ئايەتلەر» (الناسخ والمنسوخ) ناملىق ئەسىرى.

2. ئەللامە ئىبنى قۇتەيبەنىڭ «قۇرئاندىكى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەر» (تأويل مشكل القرآن) ناملىق ئەسىرى.

3. ئەللامە ماۋەردىنىڭ «قۇرئاندىكى قىسسەلەر» (أمثال القرآن) ناملىق ئەسىرى.

4. ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىنىڭ «قۇرئاننىڭ بۆلەكلىرى ھەققىدە بايان» (التبيان في أقسام القرآن) ناملىق ئەسىرى.

5. ئەللامە ئىز ئىبنى سالامنىڭ «قۇرئاندىكى ئىخچام ئىپادىلەش سەنئىتى» (مجاز القرآن) ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار.

## ◄ تەپسىر قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق قائىدە — پىرىنسىپلار

ھەرقانداق بىر مۇپەسسىر قەتئىي بىھاجەت بولال-

مايدىغان مۇھىم قائىدە ــ پىرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

**• 1 ـ قانداقلا بىر ئايەتنى خاس قىلىدىغان دەلىل كەلمىگۈچە ئۆزىنىڭ ئومۇمىيلىقىدا قېلىۋېرىدۇ.**

ئايەتنىڭ لەۋزى بىردىن كۆپرەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، ئۇ ئايەتنى بىرلا مەنىگە قىسقارتىپ قويۇۋىشقا بولمايدۇ، بۇ چاغدا شۇ ئايەتنى ئۆزى دالالەت قىلغان مەنىلەرنىڭ ھەممىسىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىرلا مەنىگە خاس ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئايەت ياكى سەھىھ ھەدىس كەلسە، بۇ ۋاقىتتا مەزكۇر ئايەتنى شۇ مەنىدىلا چۈشىنىش كېرەك. ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دېگەن: «مەنىسى ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئايەتنى بىر مەنىگىلا خاس قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئۇنى خاس قىلىدىغان دەلىل كەلگەندىلا شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ، بۇ چاغدا شەرتسىز قايىل بولۇش لازىم. مەسىلەن: ﴿ وَوَالِدٍ وَمَا وَلَدَ ﴾ دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئاتا ۋە ئۇنىڭ بالىسى بىلەن قەسەم قىلغان بولۇپ، بۇ ئايەتتىكى ئاتا بىلەن بالىنىڭ مەلۇم شەخسلەرنى ئىپادىلەيدىغانلىقىغا دائىر دەلىل ـ ئىسپات كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئايەت ئۆزىنىڭ ئومۇمىيلىقىدا قالىدۇ، ئۇنى پالانى ئاتا ۋە ئۇنىڭ پالانى بالىسى دەپ

بىرەر شەخسكە خاسلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى ھەر قانداق ئاتا ۋە ھەرقانداق بالا دەپ چۈشىنىش كېرەك»[1].

**• 2 ـ ئايەتنىڭ ئوقۇمى لەۋزىنىڭ ئومۇمىيلىقى ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ، سەۋەبنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئەمەس.**

ئەللامە ئابدۇراھمان ئىبنى سەئدى مۇنداق دېگەن: « ‹ئايەتنىڭ ئوقۇمى لەۋزىنىڭ ئومۇمىيلىقى ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ، سەۋەبنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئەمەس› دېگەن بۇ ئىنتايىن پايدىلىق قائىدە بولۇپ، بۇنىڭغا رىئايە قىلغان ئادەم كۆپ ياخشىلىققا ۋە مول بىلىمگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر بىز بۇ قائىدىگە تولۇق رىئايە قىلساق، مۇپەسسىرلەرنىڭ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنىڭ پەقەت مىسال ئۈچۈنلا دېگەن سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، ئايەتنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ چۈشۈش سەۋەبىدىكى مەسىلىگىلا خاس ئەمەسلىكىنى، مۇپەسسىرلەرنىڭ ‹بۇ ئايەت ماۋۇ مەسىلە ھەققىدە چۈشكەن› دېگەندەك سۆزلىرىنىڭ مەنىسى ‹بۇ دېگىنىمىز ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە داخىل قىلىنىدۇ› دېگەنلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ



[1] ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرىنىڭ«جامع البيان» ناملىق ئەسىرى32– توم، 539– بەت.

يېتىمىز»[1]. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «مۇپەسسىرلەر ‹بۇ ئايەت پالانى مەسىلە ھەققىدە چۈشكەن› دېگەن سۆزىدە، ‹بۇ ئايەت ئاشۇ مەسىلىگىلا خاس› دېگەننى مەقسەت قىلمايدۇ، ھېچقانداق ئەقلى جايىدا ئادەم ۋە ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق دېمەيدۇ»[2].

## • 3 ـ ئايەتكە مەنە ئېيتىشتا ئالدىدىكى ئايەتكە قاراپ مەنە ئېيتىش كېرەك



بۇ مۇھىم قائىدە بولۇپ، بۇنى ھەربىر مۇپەسسىرنىڭ بىلىۋېلىشى زۆرۈردۇر. مۇپەسسىر ئايەتلەردىكى كەلىمىلەرگە ياكى مۇستەقىل جۈملىلەرگە قاراپلا ئۇنىڭغا مەنە ئېيتماي، ئايەتنىڭ ئالدىنقىسىغا قاراپ مەنە ئېيتىشى لازىم. مەسىلەن: بەزى مۇپەسسىرلەر بەقەرە سۈرىسىدىكى:
﴿وَلَقَدْ عَلِمُوا لَمَنِ اشْتَرَاهُ مَا لَهُ فِي الْآخِرَةِ مِنْ خَلَاقٍ﴾[3]
دېگەن ئايەتنى «شەيتانلار (ئاخىرەتلىكىنى) سېھىرگە تېگىشكۈچىگە ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچقانداق نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى» دەپ

[1] ئەللامە ئابدۇراھمان ئىبنى سەئدىنىڭ «القواعد الحسان لتفسير القرآن» ناملىق ئەسىرى، 7 ـ بەت.

[2] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مقدمة في أصول التفسير» ناملىق ئەسىرى44-47- بەتلەر.

[3] بەقەرە سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

تەپسىر قىلغان. ئەمما بۇ كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرىگە خىلاپتۇر. چۈنكى بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتتە يەھۇدىيلار سۆكۈلگەن. شۇڭا بۇ ئايەتتىكى ﴿وَلَقَدْ عَلِمُوا﴾ يەنى «ئوبدان بىلەتتى» دېگەن سۆزدە شەيتانلار ئەمەس، يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿يەھۇدىيلار «تەۋراتنى» سېھىرگە تېگىشكۈچىگە ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچقانداق نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى﴾ دەپ تەپسىر قىلىش كېرەك.



**• 4 ـ تەپسىر ئاساسەن ئايەتنىڭ لۇغەت مەنىسىگە قاراپ بولىدۇ**

چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا چۈشكەن كىتاب بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئايەتلىرى ئەرەب تىلىدا ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئەڭ تېز كېلىدىغان مەنىگە ئاساسەن تەپسىر قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى ﴿وَلَقَدْ عَلِمُوا لَمَنِ اشْتَرَاهُ مَا لَهُ فِي الْآخِرَةِ مِنْ خَلَاقٍ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿خَلَاقٍ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ھەر خىل بايانلاردا بولغان. ئاخىرى ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى ﴿خَلَاقٍ﴾ دېگەن سۆز توغرۇلۇق بېرىلگەن مەنىلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ‹نېسىۋە› دۇر. چۈنكى ئەرەب تىلىدا ﴿خَلَاقٍ﴾ دېگەن

سۆزنىڭ مەنىسى ‹نەسىۋە› دېگەنلىكتۇر»[1].

**• 5 – ئايەتنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسىنى لۇغەت مەنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش**

بىرەر كەلىمەنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى بىلەن لۇغەتتىكى مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلسە، بۇ چاغدا كەلىمەنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى لۇغەتتىكى مەنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، يەنى دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» لۇغەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شەرىئەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن كىتابتۇر[2]. ئايەتتىكى كەلىمەلەرنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسىنى لۇغەت مەنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش دېگەن بۇ قائىدىنىڭ مىسالى مۇناپىقلار ھەققىدە چۈشكەن مۇنۇ ئايەتتۇر: ﴿تُصَلِّ عَلَىٰ أَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ أَبَدًا﴾[3]. بۇ ئايەتتىكى ﴿تُصَلِّ﴾ دېگەن سۆز «الصلاة» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «الصلاة» ئۇيغۇر تىلىدا ناماز دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما «الصلاة» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ھەم دۇئا ھەم ناماز دېگەن ئىككى مەنىدە كېلىدۇ.

[1] تەپسىرى تەبەرى:8– توم، 578– بەت.

[2] ئەللامە زەركەشىنىڭ «البرهان في علوم القرآن» ناملىق ئەسىرى 2– توم، 167– بەت

[3] تەۋبە سۈرىسى 84– ئايەت.

ناماز دېگەن ئۇنىڭ دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى، دۇئا



دېگەن لۇغەتتىكى مەنىسىدۇر. بۇ ئايەتتە بۇ سۆزنىڭ

دىنىي ئاتالغۇدىكى مەنىسى كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ نامىزىنى ھەرگىز چۈشۈرمىگىن﴾ دېگەنلىك بولىدۇ.

- **يېقىنقى ئەسىردە يېزىلغان بەزى مەشھۇر تەپسىرلەردىن ئۆرنەكلەر**

يېقىنقى ئەسىردە يېزىلغان بەزى مەشھۇر تەپسىرلەر ۋە مۇپەسسىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ تەپسىرى قاسىمى (محاسن التأويل)

ئاپتورى: مۇھەممەد جامالىددىن ئىبنى مۇھەممەد سەئىد ئىبنى قاسىم ھىجرىيەنىڭ 1283 ـ يىلى دەمەشقتا تۇغۇلغان، گۈزەل ئەخلاقى ۋە قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن تونۇلغان ئالىم. 1332 ـ يىلى دەمەشقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تەپسىرى قاسىمى:

تەپسىرى قاسىمى 17 توملۇق ئەسەر بولۇپ، بۇ تەپسىر سەلەفىي ئۆلىمالاردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى ۋە دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇردۇر.

2 ـ تەپسىرى مەنار (تفسير المنار)

ئاپتورى: مۇھەممەد رەشىد رىزا ئىبنى ئەلى رىزا، ھىجرىيەنىڭ 1282 ـ يىلى تارابلۇس شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قەلمۇن دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان. كېيىنچە، مىسىرغا بېرىپ، ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ قولىدا ئوقۇغان. ئۇستازى مۇھەممەد ئابدۇھ بىلەن بىرلىكتە «ئەل مەنار» دېگەن ژۇرنالنى چىقارغان. تەپسىرى مەنار نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى «ئەل مەنار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ تۇرغان ئىدى، شۇڭا بۇ تەپسىر «تەپسىرى مانار» دەپ ئاتالغان. مۇھەممەد رەشىد رىزا 1354 ـ يىلى قاھىرەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

تەپسىرى مەنار:

تەپسىرى مەنارنىڭ يېزىلىش قىسسىسى مۇنداق: ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا ئۇستازى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تەپسىر دەرسى ئۆتۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئۇستازى بۇنىڭغا قوشۇلغاسىن. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئابدۇھ «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىشقا باشلىغان. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تەپسىرى «ئەل مەنار» ژۇرنىلىدا بېسىلىپ تۇرغان. مۇھەممەد ئابدۇھ نىسا سۈرىسىنىڭ 125 ـ ئايىتىگە كەلگەندە ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەپسىرىنى شاگىرتى مۇھەممەد رەشىد رىزا داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، يۈسۈف سۈرىسىنىڭ 101 ـ ئايىتىگە كەلگەندە ئۇمۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

بۇ تەپسىر 12 توملۇق بولۇپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ قالغان تەپسىرىنى مۇھەممەد بەھجەت بىتار دېگەن كىشى يۇسۇف سۈرىسىنىڭ داۋامىنى تامالىغان.

تەپسىرى مەنار ئەڭ ئىلغار تەپسىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ تەپسىر ئىككى خىل يۆنىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرىكى يۆنىلىش، يەنە بىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى يۆنىلىش ئىدى. ئالدىنقى يۆنىلىشتە ئىجتىھاد كۆپرەك بولۇپ، نەقىل ئازراق بولغان. كېيىنكى يۆنىلىشتە ئالدىنقىسىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، نەقىل كۆپ، ئىجتىھاد ئازراق بولغان. مۇھەممەد رەشىد رىزا مۇنداق دېگەن: «ئۇستازىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تەپسىر قىلىشتا مۇستەقىل بولدۇم ۋە ئايەتلەرنى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن تەپسىر قىلىشتا ئۇستازىمغا خىلاپلىق قىلدىم»[1].

3 ـ تەپسىرى سەئدى (تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان)

ئاپتورى: ئابدۇراھمان ئىبنى ناسىر ئالى سەئدى ھىجرىيەنىڭ 1307 ـ يىلى ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قەسىم رايونىدىكى ئۇنەيزە شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ كىچىك يېشىدىلا

[1] «تفسير المنار»1– توم:16– بەت.

ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. بۇ ئانا كىچىك ئابدۇراھماننى ئۆز باللىرىدىنمۇ ئەزىزلاپ چوڭ قىلغان ۋە كىچىك يېشىدىلا مەدرەسىگە بەرگەن بولۇپ، 14 يېشىدا «قۇرئان كەرىم» نى تولۇق يادلاپ بولغان. ئەللامە ئابدۇراھمان سەئدى ياش ۋاقتىدىلا تونۇلغان كاتتا ئۆلىماغا ئايلانغان.

تەپسىرى سەئدى:

بۇ تەپسىر 7 توملۇق تەپسىر بولۇپ، مەنىسىنىڭ ئوچۇقلىقى ۋە ئىخچاملىقى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ تەپسىردە سۈرىلەر بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ ھەربىر بۆلەكنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بايان قىلىنىدۇ. بەزى ئايەتلەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى بايان قىلىدۇ. خۇراپىي قىسسىلەردىن خالىي تەپسىردۇر.

4 ـ فى زىلالىل قۇرئان (فى ظلال القرآن)

ئاپتورى: سەييىد ئىبنى ھاج ئىبنى قۇتۇب ئىبراھىم 1906 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مىسىرنىڭ ئاسيۇت ۋىلايىتىنىڭ مۇشا دېگەن يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇشقا كىچىكىدىن باشلىغان بولۇپ، ئۆز يېزىسىدا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادلاپ بولغان. 1920 ـ يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ دارىلئۇلۇم پاكۇلتېتىنى تاملىغان. قاھىرەدە مۇئەللىملىك قىلغان، كېيىنچە مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ئىشلىگەن. 1948 ـ يىلى

مىسىر مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئامېرىكىدا ئىككى يىل تۇرغان. سەييىد قۇتۇب ئامېرىكىدىن ئىنتايىن جەڭگىۋار ئىسلام دەۋەتچىسى بولۇپ قايتقان ۋە مىسىردىكى «ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتىگە ئەزا بولغان. ئۇ ھەمىشە «مەن 1951 ـ يىلى تۇغۇلدۇم» دەيتتى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ«ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتىگە قوشۇلغان يىلى ئىدى.

مىسىردا «ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتى بىلەن «23 ـ ئىيۇل ئىنقىلابى» نىڭ مەسئۇللىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، سەييىد قۇتۇب 1954 ـ يىلى قولغا ئېلىنىدۇ ۋە 15 يىللىق ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدۇ. سەييىد قۇتۇب تۈرمىدە مەھبۇسلۇق جەريانىدا «فى زىلالىل قۇرئان» تەپسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تەپسىرى نەشر قىلىنىدۇ. ئىراقنىڭ سابىق رەئىسى ئابدۇسسالام ئارىف ئۇنىڭ تەپسىرىنى ئوقۇپ چىقىپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ ۋە مىسىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى رەئىسى ئابدۇنناسىرغا ئارىچىلىق قىلىپ، ئىراقلىق ئۆلىمالار ئارقىلىق سەييىد قۇتۇبنى تىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەييىد قۇتۇب مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن تۈرمىدىن چىقىدۇ. 1965 ـ يىلى قايتا قولغا ئېلىنىپ، 1966 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مىسىر ھەربىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن

شىبھەت قىلىنىدۇ.

سەييىد قۇتۇب شىبھەت قىلىنىشتىن بۇرۇن بارلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆلىمالار ئۇنى ئابدۇنناسىردىن تىلىۋالماقچى بولۇپ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقلار پايدىسىز قالىدۇ. مىسىردىكى ھەربىي مەھكىمە سەييىد قۇتۇبنىڭ جامال ئابدۇنناسىردىن ئۆزۈر تىلىسە، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزۈر تىلەشكە قىستىغاندا، سەييىد قۇتۇب قەتئىيلىك بىلەن: «نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان بۇ بارماق تاغۇتنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئېتىراپنامە يېزىشنى رەت قىلىدۇ»دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھ تائالا بىلەن قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ئىشىمنى خاتا ئىكەن دەپ ئۆزرە ئېيتامدىم؟ مەن قانداقلارچە ئۇلاردىن رەھىم ـ شەپقەت تىلىگۈدەكمەن؟ مەن ھەقلىق بولۇپ تۈرمىگە كىرگەن بولسام، ھەق تائالانىڭ بۇ ھۆكمىگە رازىمەن، ئەگەر ناھەق تۈرمىگە ئېلىنغان بولسام، مەن تاغۇتتىن شەپقەت سوراشتىن ئۈستۈنمەن».



فى زىلالىل قۇرئان تەپسىرى:

فى زىلالىل قۇرئان تەپسىرى ئەدەبىي ئۈستۈنلۈكتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان كىتاب يوقتۇر، ئۇ «قۇرئان كەرىم» سىزىپ بەرگەن ھايات تەرىزىنى بەئەينى بايان

قىلىپ بەرگەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بىردىنبىر ئەسەردۇر. بۇ تەپسىر 6 توملۇق بولۇپ، مىسىردا ۋە باشقا دۆلەتلەردە ئىنتايىن كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان.

5 ـ تەپسىرى شىنقىتى (أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن).

ئاپتورى: مۇھەممەد ئەمىن ئىبنى مۇھەممەد مۇختار جەنكى ئەل شىنقىتى ھىجرىيەنىڭ 1325 ـ يىلى ھازىرقى مەۋرىتانىيە دەپ ئاتىلىدىغان شىنقىت دېگەن يېردە تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدا دىنىي ئىلىمدە ئەتراپلىق يېتىشكەن بولۇپ، ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، ئۇ جايدىكى ئۆلىمالار بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرى مۇھەممەد مۇختار شىنقىتىنىڭ يۇقىرى بىلىمگە قايىل بولغانلىقتىن، ئۇنى بۇ مەملىكەتتە قېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار مەرھۇم پادىشاھ ئابدۇلئەزىزغا تەلەپ سۇنۇپ ئۇنىڭ قېلىپ قېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، پادىشاھنىڭ ۋوشۇلۇشى بىلەن ئۇ كىشى سەئۇدى ئەرەبىستاندا قالىدۇ. مەككىدە ۋە رىياد شەھىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ، «سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى»گە ئەزا بولىدۇ، «دۇنيا ئىسلام بىرلىكى»تەشكىلاتىنىڭ تەسىس ئەزاسى بولىدۇ. 1393 ـ

يىلى مەككىدە ۋاپات بولىدۇ.

تەپسىرى شىنقىتى:

تەپسىرى شىنقىتى 10 توملۇق تەپسىر بولۇپ، ئاپتور مۇجادەلە سۈرىسىگە كەلگەندە ۋاپات بولغان بولۇپ، قالغان قىسمىنى ئۇنىڭ شاگىرتى ئەتىيە مۇھەممەد سالىم دېگەن كىشى تاماملىغان. بۇ تەپسىر ئىككى ئالاھىدىلىك بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بىرى قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلغان، يەنە بىرى فىقھى مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئىنچىكە بايان قىلغان.



6 ـ تەفھىمۇل قۇرئان (تفهيم القرآن)

ئاپتورى: ئەللامە ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى 1903 ـ يىلى ھىندىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ كىشى تەپسىر ساھەسىدىلا ئەمەس، ژۇرنالىستلىق ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسلام ۋە ئەرەب دۇنياسىدا كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. ئەللامە ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى 1979 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تەفھىمۇل قۇرئان تەپسىرى

ئەللامە مەۋدۇدى بۇ تەپسىرنى 1942 ـ يىلى

يېزىشقا باشلاپ، 1972 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان. بۇ تەپسىر ئۇردۇ تىلىدا يېزىلغان 6 توملۇق تەپسىر بولۇپ، كۆپ قىسمى زىندانىدا يېزىلغان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە قايتا ـ قايتا نەشىر قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. بۇ 30 يىل جەريان ئىچىدە مەۋدۇدى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، تەپسىرنى پىششىقلاپ ماڭغان. مەۋدۇدى بۇ تەپسىرىدە «ئىسلام دىن ۋە دۆلەتتۇر، ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنمەستىن، ئىسلامغا تولۇق ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئىسلام مۇكەممەل بىر دىن بولۇپ، ھاياتنىڭ شەخسى ۋە ئىجتىمائى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن نەزەرى يەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەرب پىكىر ئېقىمىنىڭ، دىنسىزلىق پەلسەپەسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئېقىپ كىرىشىگە شىددەت بىلەن قارشى تۇرغان. بۇ تەپسىر ئىنگلىزچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى

ھازىر دۇنيادا «قۇرئان كەرىم»نىڭ 1200 دىن ئارتۇق تەرجىمە نۇسخىسى بارلىقى ۋە 140 تىن كۆپرەك مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغانلىقى مەلۇم. ھەتتا بەزى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا 100 خىلدىن ئارتۇق

«قۇرئـان كەرىـم» تەرجىمىسـى تېپىلىـدۇ. بىزنىـڭ ئانـا ۋەتىنىمىزگـە كەلسـەك، 12-ئەسـىردە قاراخانىيـلار دەۋرىدىـلا «قۇرئـان كەرىم»نىـڭ ئۇيغۇرچـە تەرجىمىسـى بارلىقـا كەلگـەن ئىكـەن. ھازىر بۇ تەرجىمە نۇسخىسـىنىڭ سەككىز خىـل قـول يازما نۇسخىسـى تولـۇق ياكـى كەمتۈك ھالەتتـە چەتئەللەرنىـڭ مۇزېيلىرىـدا ياكـى كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا ئىكـەن. مەلـۇم بولۇشـىچە، 20- ئەسـىرنىڭ باشـلىرىدىن تارتـىپ ئۇيغـۇر ئۆلىمالـىرى تەرىپىدىـن «قۇرئـان كەرىم»نىـڭ ئۇيغۇرچـە تەرجىمىلـىرى مەيدانغـا كەلگـەن بولـۇپ، رەسـمىي تـۈردە نەشـر قىلىنىـش پۇرسـىتىگە ئېرىشەلمەسـتىن كۆپلىرى يوقىلىـپ كەتكەن ۋە نۇرغۇنلىـرى خىتـاي كوممۇنىسـتلىرى تەرىپىدىـن كۆيدۈرۈپ يـوق قىلىنغـان.

پەقـەت ئۆتكەن ئەسـىرنىڭ 40 - يىللىرىـدا ئابدۇلئەزىز چىنگىزخـان «قۇرئـان كەرىم»نـى ئۇيغۇرچـە تەرجىمـە قىلغان بولسـىمۇ، نەشـر قىلىنىشقا نېسىپ بولماي يوقىلىپ كەتكەنلىكـى سـۆزلىنىدۇ. يەنـە ئۆتكـەن ئەسـىرنىڭ 80- يىللىرىنىـڭ باشـلىرىدا ئۆزبېـك ئالىمـى مەھمـۇد تارازىنىـڭ «قۇرئـان كەرىـم ئىزاھلىـق تەرجىمىسـى» ناملىـق ئەسـىرى پاكىسـتاندا چاغاتـاي يېزىقىـدا نەشـر قىلىنغـان بولـۇپ، بـۇ تەرجىمـە بىزنىـڭ ۋەتەنگىمۇ يېتىـپ بارغـان ئىـدى.

«قۇرئـان كەرىم»نىـڭ ھازىرقـى زامـان ئۇيغـۇر تىلىغـا

قىلىنغان تۇنجى تەرجىمىسى ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ تەرجىمە 1987۔ يىلى بېيجىڭدا «مىللەتلەر نەشرىياتى»دا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ تەرجىمە ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بولماسلىقتىن ئىبارەت بىر بوشلۇقنى بىر قەدەر تولدۇرغان بولدى. 2012۔ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن « ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. 2017۔ يىلى ئەنەس ئالىم تەرىپىدىن « ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسى» يېزىلىپ تۈركىيەدە نەشر قىلىندى. يېقىنقى 17 يىلدىن بېرى « ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»گە ئىشلەپ كەلمەكتە. يېقىندا نەشردىن چىقىشى كۈتۈلمەكتە. ئەسلىدە تەرجىمىنىڭ كۆپ بولۇشى زىيانلىق ئەمەس، بەلكى پايدىلىقتۇر. تۈركچىدىمۇ 100دىن كۆپرەك «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى بارلىقى سۆزلىنىدۇ.

### ◄ ئۇيغۇرلاردىن چىققان مۇپەسسىرلەر

ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغان خەلقتۇر. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مۇپەسسىرلەر

تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇيغۇرلار ئىچىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرىنى ئەڭ دەسلەپ يازغان كىشى ئاتاغلىق تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف قەشقىريي دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ زات قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد خانلىرىنىڭ مەنىۋى داھىسى، شۇنداقلا تونۇلغان مۇدەررىس ئىدى. ئۇ ئۆمرى ئىچىدە 200 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب يازغاننىڭ سىرتىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرىنى يازغان.

2. مىلادىيە 1735- يىلىدىن 1756- يىلىغىچە يەكەندە ھۆكۈمدار بولغان خوجا ياقۇب دېگەن كىشى دۆلەت خىراجىتى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى يازدۇرۇپ نەشىر قىلدۇرغان.

3. قاغىلىقتا ئۆتكەن داڭلىق ئۆلىما ھۈسەيىنخان تەجەللى 1910- يىلى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى يېزىپ چىققان.

4. سابىت داموللا ھاجىم شىڭشىسەيىنىڭ تۈرمىسىدە، مىلادىيە 1937- يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈچ سەرپ قىلىپ، «روشەن بايان- تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» دېگەن ئۇيغۇرچە تەپسىرنى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ 30- پارىسى 1948- يىلى غۇلجىدا بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ تەپسىرنىڭ قوليازما نۇسخىسىنى

سابىت داموللامنىڭ غولجىدىكى ئوغلى ئابدۇللا 1961ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تاپشۇرغان ئىكەن.

5. 1990ـ يىللىرى مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم تەرىپىدىن «ئاخىرقى ئىككى پارىنىڭ تەپسىرى» نەشر قىلىندى.

6. 1955ـ يىلى مۇھەممەد زىرىپ قارىھاجىم غولجىدا « ‹قۇرئان كەرىم› تەپسىرى»نى ئۇيغۇرچە يېزىپ چىققان. زىرىپ قارىھاجىمنىڭ 1926ـ يىلى قەشقەردە يېزىپ چىققان «ئەممە پارىسىنىڭ تەپسىرى» ناملىق ئەسىرى 1987ـ يىلى قاتاردا فاكسىمىل قىلىپ، ئەسلىدىكى چاغاتاي يېزىقىدا بېسىپ تارقىتىلغان. كېيىنچە 2003ـ يىلى شۇ فاكسىمىل نۇسخىسىغا ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىپ نەشر قىلىنغان. تولۇق نۇسخىسى 2018ـيىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

7. «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق 10 توملۇق تەپسىر پېقىر مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ قولىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بىرەر يىل ئىچىدە نەشردىن چىقىشى كۈتۈلمەكتە. بۇ تەپسىرنىڭ 1ـ 2ـ توملىرى 2018ـ يىلى قازاقىستاندا رۇس ھەرپىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

## ◄ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەپسىرلەر

1. «تەپسىرى ئىبنى كەسىر» 2005-يىلى ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

2. «ئاخىرقى ئۈچ پارىنىڭ تەپسىرى» 2007-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رىياد شەھرىدە تەرجىمە قىلىنىپ باستۇرۇلغان.

3. «ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى» 2006- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

4. «فى زىلالىل قۇرئان» بەزى سۈرىلەرنىڭ تەرجىمىسى 2014- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

5. « تەپسىرى سەئدى» نەشر قىلىنمىغان.

6. «سەفۋەتۇتەفاسىر» نەشر قىلىنمىغان.

7. «تەپسىرى تەنتاۋى» تەبئىي پەنگە ئائىت ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى. نەشر قىلىنمىغان

8. «تەفھىمۇل قۇرئان» نەشر قىلىنمىغان.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى

ئاۋۋال شۇنى بىلىش كېرەككى، «قۇرئان كەرىم» بىرەر پەن - تېخنىكا كىتابى ئەمەس، ياكى ئۇ كائىناتنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كىتابمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە، قانۇن-تۈزۈم كىتابىدۇر. ئۇ ئىنسانلارغا پەن - تېخنىكىدىن مەلۇم ماۋزۇلاردا يىپ ئۇچى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىي يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتنىڭ يوللىرىغا ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نى ھىدايەت مەنبەئى قىلىپ چۈشۈرگەن. (شەكسىزكى، بۇ قۇرئان (ئىنسانلارنى) ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى

بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ([1]. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتى ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئۇنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى تۇرغۇزۇش، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن، گۇناھ-مەسىيەتلەردىن توسۇش قاتارلىق ئىشلاردا ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» ھىدايەت كىتابىدۇر



ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ھەر بىر ئەسىرنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتىكى ۋەزىيىتىگە ۋە ھەر دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ئەقىل سەۋىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئىلمىي مۆجىزىلەر بىلەن ئىسپاتلاشمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايەتلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى مۇندىن 14ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى چۈشكەن ۋە ئەسىرلەردىن بىرى كىشىلەرنى شۇ زامانلارنىڭ سەۋىيىسىگە لايىق ئىلمىي مۆجىزىلىرى بىلەن قايىل قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ،

[1] ئىسرا سۈرىسى 9- ئايەت.

يەنىلا ئۇنىڭدا پەقەت زامانىۋى ئىلىم ـ پەن بىلەنلا ئىسپاتلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بار. شۇڭا زامان تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىنسانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيىسى يۇكسەلگەنسېرى ۋە ئىلىم-پەن ئىلگىرىلىگەنسېرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆتمۇشلەردە بىلىنمىگەن ئىلمىي مۆجىزىلىرى تېخىمۇ كۆپ ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ تا قىيامەتكىچە بۇ ئىلمىي مۆجىزىلەر ئېچىلىنىشقا داۋام قىلىدۇ.



ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى نېمە ئۈچۈن شەرھلەپ بەرمىگەن؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھازىر كەشىپ قىلىنغان ۋە كېيىنچە كەشىپ قىلىنىدىغان پۈتۈن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى شەرھلەپ بەرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق مەسىلىلىرىدە، كۈندىلىك ئىبادەتلىرىدە، مۇئامىلە ئىشلىرىدا، ھالال-ھارام مەسىلىسىدە بىلىشى زۆرۈر بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇقى بىلەن شەھلەپ بەرگەن. چۈنكى مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغىنى شۇ ئىدى. ئەمما «قۇرئان كەرىم»دىكى كائىنات ئەسرارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەردىن ئۆزى بىلگەنلىرىنى ۋە ئېھتىياج تۇيغانلىرىنىلا بايان قىلىپ بىرىشكە كۇپايىلەنگەن.

چۈنكى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ھازىرقى بويىچە شەرھلەپ بەرگەندە، ئۇلارنى شۇ چاغلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايتتى، بۇ ئەھۋالنىڭ ئاساسلىق مەسىلە بولغان دىنىي مەسىلىلەرگە سەلبىي تەسىرى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر كېچىدە مەككىدىن پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا بېرىپ كەلگەنلىك قىسسىسىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى قوبۇل قىلالمىغان يەردە، ھازىرقى ئىلمىي كەشپىياتلاردىن سۆز ئېچىشقا ھەرگىزمۇ ئورۇن يوق ئىدى. ھەتتا مۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارغا يانفون، كومپيۇتېر، ئېنتېرنېت، ئائىتېنا قاتارلىق ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىلىرىدىن سۆز ئاچقان ئادەم ھەرقانچە ئىشەنچلىك، ئالىم كىشى بولۇپ كەتسىمۇ، ئىنسانلار ھامان ئۇنى يالغانغا چىقىرىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

«قۇرئان كەرىم» ئەدەبىي، ئىلمىي، كېلىچەكتىن خەۋەر بېرىش، ھەر زامانغا مۇناسىپ شەرىئەت بەلگىلەش قاتارلىق كۆپلىگەن مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) «قۇرئان كەرىم»نىڭ بايانىدىكى ئەدەبىي مۆ-جىزىسى

(2) «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلمىي مۆجىزىسى

(3) «قۇرئان كەرىم»نىڭ كېلىچەكتىن خەۋەر بې-رىشتىكى مۆجىزىسى

## ◄ مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى



مۆجىزە – پەيغەمبەرلەرنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى يېتەرلىك مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتتا كۆيمەس مۆجىزىسىنى بەرگەن، بابىل پادىشاھى نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر ئوت دۆۋىسىگە ئاتقانىدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ نە بەدىنى، نە تېرىسى كۆيمىگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولى چىراقتەك يانىدىغان، ھاسىسى ئەجدىرھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىلەرنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىل-دۈرىدىغان، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان، تۇغما كور-

نىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇلار «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ نۇرغۇن مۆجىزىلەر بېرىلگەن. ئۇنىڭ ۋە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق ۋە تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغان بىردىنبىر جانلىق مۆجىزە – قۇرئاندۇر.

مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەربىر دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلىكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن بىلەن دۇئېل ئېلان قىلغانلىقنىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى. بەلكى دۇئېل ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات

قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تىببىي جەھەتتە زور يۈكسەلگەن بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىرخۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ «ئۇكاز»[1] بازىرىدا پۈتۈن ئەدىبلەر ۋە شائىرلار ماھارەت كۆرسىتەتتى. «ئۇكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى شېئىر ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر

[1] ئۇكاز– ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە بىلەن تائىف شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر ـ بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىستىلىستىكىلىق، بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى، يەنە شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىگە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.



- **«قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر**

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن دۇنياغا نۇر چاچقان، بەدىئىيلىك ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتە ئەڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب (تىلى راۋان)» باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم (تىلى راۋان ئەمەس)» دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاغلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۇئىل ئېلان قىلىشى ئىدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا

قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالىدى.

«قۇرئان كەرىم» جىمى ئەرەبلەرگە دۇئىل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئىل ئېلان قىلغانىدى. قۇرئان بۇ خۇسۇستا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلۇقلاردىن بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇشرىك ئەرەبلەرنى كۆپ مەمنۇن ۋە مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇددىست، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا – خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىدى. شۇڭا مۇشرىك ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرانلىق دىنداشلىرىنىڭ رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش بولۇشىنى تىلەيتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى قاتتىق غەمكىن قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿الم . غُلِبَتِ الرُّومُ . فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُمْ مِنْ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ . فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ . بِنَصْرِ اللَّهِ

يَنْصُرُ مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ﴾ يەنى ﴿رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] دېگەنىدى. بۇ خەۋەرنى مۇسۇلمانلار «ھەق ۋە راست» دەپ تەستىق قىلىشقان، ئەرەب مۇشرىكلىرى، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار بۇ خەۋەرنى «بۇ يالغان ۋەدە، قېنى كۆرىمىز، قايسىمىزنىڭ كۈتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن» دېيىشكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى پىرقە ئىرانلىقلار بىلەن رىملىقلارنىڭ ئۇرۇشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن ئىدى. ئاردىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رىملىقلار خۇددى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يېڭىدۇ. ئەگەر ئەھۋال «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەندەك بولماستىن، ئەكسىچە بولۇپ رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى؟ شەكسىزكى، ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا گەپلىرى يالغان چىقتى» دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت ـ شارائىت

[1] رۇم سۈرىسى2~5–ئايەتلەر.

هازارلانغان بولاتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ چوڭ مۆجىزە – «قۇرئان كەرىم» يالغانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەھۋال قانداق بولماقچى ئىدى؟ ئەمما بۇ خەۋەرنى بەرگۈچى زات ئاللاھ تائالا تائالا ئىدى. چۈنكى 7 يىلدىن كېيىن بولىدىغان مۇنداق بىر ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، پىشقان تەجرىبىلىك ھەربىي قوماندانلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

- **مۆجىزىلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر**

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر تەبىئىي قانۇنىيەتلەردىن ھالقىپ ئۆتىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ئىدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولغىنىدا، ئۇنى ئىلاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرىگە ھاقارەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جازالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇتقا

تاشلانغاندا، ئوت ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقتىن ئۇلارنى مات قىلىپ قويدى.

شۇ ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىش ئەمەس، بەلكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش قانۇنىيىتىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئىلاھلارنىڭ جازالاشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتقۇزۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا ئىدى، قەۋمى ئۇنى خۇددى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۈيقەستچى قەۋملەر تۇتالمىغاندەك تۇتالمىغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان سەۋەبلەر بىلەنمۇ ئۇنى قۇتقۇزالايتتى. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېچىپ قۇتۇلغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان بولسا ئىدى، قەۋمى «ئەگەر بىز ئىبراھىمنى تۇتالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغان ۋە ئوت ئۆچۈپ قالمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆيدۈرۈلگەن بولاتتى» دەپ كۆرەڭلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت ئۆزىگە تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرەلمىدى، ئۇلار چوقۇنغان ئىلاھلار ئۇنى جازالىيالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار «ئىلاھلىرىمىز» دەپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ بىراۋغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ

زىيان ـ زەخمەتلەردىن قوغدىيالمايدىغان ھەيكەللەر ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ «ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇر!» دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، ھاسىسى بىلەن ئۇرىۋىدى، دېڭىز سۈيى خۇددى ئىككى چوڭ تاغدەك ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدىن يول ھاسىل بولدى. سۇنىڭ بۇنداق بولىشى ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت بىر ئىش. لېكىن مۆجىزە ئۇنى شۇنداق قىلالىدى. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىدا پىرئەۋن قوشۇنلىرى، ئالدىدا پايانسىز دېڭىزدىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قۇتۇلۇشىنىڭ ئىنسانىي چارىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بىر ۋاقىتتا، تولۇق ئۈمىتۋارلىق بىلەن ئىشىنىڭ چارىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمى «بىز ئەمدى تۈگەشتۇق» دېگەندە، ئۇ ﴿ئەسلا ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم چوقۇم مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزنى تولۇق ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئىشىنىڭ ئىنسانىي سەۋەبلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىغان ئىدى.

[1] شۇئەرا سۈرىسى 62– ئايەت.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ماددىي مۆجىزىلەر بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشەنگەن، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن كۈچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك مەنىۋى مۆجىزىدۇر. «قۇرئان كەرىم» ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم «مانا بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىدۇر» دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا رويابقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆيلىگەن «كالام» سۆزى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىش ـ ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقانلىقى بىلەن

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆتكەندە يېزىلغان دېگىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۈپەت ئۇنىڭ ئىگىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىللە داۋاملىشىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۈپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ داۋاملاشقىنىغا ئوخشاش.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېيىتنى تىرىلدۈرۈش بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوشۇلۇپ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەمىشە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە ئۇلار كىتابلىرىنى چىڭ ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن

بىز چۈشۈردۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە ساقلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇرۇنقىلار ساماۋىي كىتابلارنى قوغداشتا ئاجىزلىق قىلدى، ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنۇتتى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى قوغداش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ زامانىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كۈچىيىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، «قۇرئان

[1] ھىجر سۈرىسى 9– ئايەت.

كەرىم»نى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولغىنىدەك، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ ۋە نەشر قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقا مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ سۈپەتلىك نەشر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىلىك مۇسۇلمان ئەمەس بىر شەخس «قۇرئان كەرىم»نى ھۆسنخەت بىلەن بىر بەتكە سىغدۇرۇپ چىقىشقا ئالدىرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك «قۇرئان كەرىم»نى بىرەر ھەرپىگە چاغلىق ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇ ئىنسانلارنى شۇنداق قىلدۇرۇش، «قۇرئان كەرىم»گە ئىختىيارسىز خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»نى قوغدايدىغىنى مۇسۇلمانلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدۇر!

## ◄ «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر

«قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرگىلا دۇئىل ئىلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر. ئۇ زامان ۋە ماكانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىدى.

### • 1 ــ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى



ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچ ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئاندا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ــ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئىش ــ ئىزلىرى، ھەتتا تارىخ سەھنىسىدىن ھېچ ئىزى قالمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بەزىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناسلاردىن مىڭدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسەلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسەلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خرىستىيان) ئالىملىرىنىڭ

قولىدىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ۋە شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ ھېكايە قىلغانلىرىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپ بولغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلغان (سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ) دېگەن ئايەتلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى كۆرسەتمەكتە. ﴿ذَلِكَ مِنْ أَنْبَاءِ الْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يُلْقُونَ أَقْلَامَهُمْ أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يَخْتَصِمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇ بىز ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقان غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. ئۇلار مەريەمنى تەربىيەلەشنى تالىشىپ (چەك تاشلاش ئۈچۈن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدىمۇ، ئۇلار (بۇ ھەقتە) دەتالاش قىلىشقان چاغدىمۇ سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾[1]، ﴿وَمَا كُنْتَ بِجَانِبِ الْغَرْبِيِّ إِذْ قَضَيْنَا إِلَى مُوسَى الْأَمْرَ وَمَا كُنْتَ مِنَ الشَّاهِدِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز (تۇر تېغىنىڭ) غەرب تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى قىلغاندا سەن يوق ئىدىڭ ۋە (بۇ ۋەقەلىكنى)

[1] ئال ئىمران 44-ئايەت.

كۆرگەنلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ﴾.[1]

## • 2 ـ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

«قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۆز ـ ئۆزىگە مەخپىي ئېيتقانلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچۈرگەنلىرىدىنمۇ تەپسىلىي ۋە ئېنىق خەۋەر بەرگەن. ﴿وَيَقُولُونَ فِي أَنْفُسِهِمْ لَوْلَا يُعَذِّبُنَا اللَّهُ بِمَا نَقُولُ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆز ئىچىدە: «(ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) ئاللاھ بۇ سۆزىمىز تۈپەيلىدىن بىزنى جازالىماسمىدى؟» دەيدۇ﴾[2]. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەنلىرىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق سۆزلىمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ ئايەتكە قارشى چىقىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «بىز ئۇنداق ئويلىمىدۇق، سەن يالغانچىسەن» دەپ تۆھمەت قىلغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان بۇ ئايەت ئالدىدا لام ـ جىم دېيەلمىدى.

[1] قەسەس سۈرىسى44–ئايەت.

[2] مۇجادەلە سۈرىسى 8–ئايەت.

بۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە كەچكەنلەردىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، كىشىلەر تېخى كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەن ۋە چوقۇم كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغان. ﴿سَيَقُولُ السُّفَهَاءُ مِنَ النَّاسِ مَا وَلَّاهُمْ عَنْ قِبْلَتِهِمُ الَّتِي كَانُوا عَلَيْهَا﴾ يەنى ﴿بەزى ئەخمەق كىشىلەر «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەرنى) يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسى (بەيتۇلمۇقەددەس)دىن نېمە بۇرىۋەتكەندۇ؟» دەيدۇ﴾[1]. بۇ ئايەت قىبلە بەيتۇلمەقدىستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن چۈشكەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» يېقىن كېلىچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ تۇتىدىغان مەۋقەسى توغرۇلۇق ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن. كەبە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇلار راستىنلا شۇنداق دېيىشكەن. ﴿سَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ إِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَأَعْرِضُوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ)، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان

[1] بەقەرە سۈرىسى 142–ئايەت.

جايى جەھەننەمدۇر﴾ [1]. بۇ ئايەت، جىھادتىن قېچىپ ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يالغاندىن ئۆزرىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مەلۇمكى بۇ ئايەتلەر «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «س» ھەرپى ھازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئارقىلىق ئىش - ھەرىكەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەنلىكىنى ۋە پات - يېقىندا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.



## • 3 – «قۇرئان كەرىم»نىڭ كېلىچەكنىڭ تىۋساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

﴿أَمْ يَقُولُونَ نَحْنُ جَمِيعٌ مُنْتَصِرٌ﴾ يەنى ﴿ئۇ توپ يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾.[2] بۇ ئايەت پۈتۈن ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ۋە مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ يىغىن كېلەچەكتە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن چوقۇم مەغلۇپ قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ئايەت مەككىدە مۇسۇلمانلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن ئازلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ۋاقىتتا چۈشكەن. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ

[1] تەۋبە سۈرىسى 95–ئايەت.

[2] قەمەر سۈرىسى45–ئايەت.

ئەنھۇ بۇ ئايەت چۈشكەندە: «قايسى توپ ئۇ بىزدىن مەغلۇپ بولىدىغان. بىز ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان تۇرساق» دېگەن. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەت ئارقىلىق بىر قانچە يىل كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ھىجرىيەنىڭ 6 ـ يىلى بىرلەشكەن ئەرەب توپى مەدىنىدە يېڭىلمىگەن ۋە 8 ـ ھىجرىيە يىلى مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھى قىلىپ ھەممىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلمىغان بولسا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئايىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىپ چىقىرىشقا يېتەرلىك ئىدى.



ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم» ئالدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿سَنَسِمُهُ عَلَى الْخُرْطُومِ﴾ يەنى ﴿بىز يېقىندا ئۇنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىمىز﴾[1] دېگەن. بۇ ئۇنى خار قىلىمىز، رەسۋا قىلىمىز دېگەنلىك بولۇپ، ئەرەبلەر «بۇرۇنغا بەلگە سېلىش» دېگەن سۆزنى خار قىلىش ۋە رەسۋا قىلىش دېگەندىن كىنايە قىلىپ قوللىنىدۇ.

ئەرەبلەر «بۇرۇن» دېگەن سۆزنى «الأنف» دەپ ئىپادىلەيدۇ. ئەمما چوشقىنىڭ ۋە پىلنىڭ بۇرنىنى «الْخُرْطُومِ» دەپ ئىپادىلەيدۇ. مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە،

---

[1] قەلەم سۈرىسى 16–ئايەت.

ئاللاھ تائالا ﴿سَنَسِمُهُ عَلَى الْخُرْطُومِ﴾ دېگەن ئايەتتە «الْخُرْطُومِ» دېگەن سۆزنى مۇغىرەنىڭ بۇرنىغا قوللانغان بولۇپ، بۇ مۇغىرەنىڭ مۇتەكەببىرلىكىنى يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇزۇنغا قالماي ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئەڭ خارلانغان ھالدا مەغلۇپ بولغان.

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلغان تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ . مَا أَغْنَى عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ . سَيَصْلَى نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ . وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ . فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِنْ مَسَدٍ﴾ يەنى ﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! زادى قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالمۇ مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بىلەن ئوتۇننى بويىنىغا باغلاپ يۈدۈگەن ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ﴾[1] دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر ۋە ھىيلە ـ مېكىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «مۇھەممەد مېنى مۇسۇلمان بولماي كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا

[1] لەھەب سۈرىسى.

كىرىدۇ، دېدى. گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نەتىجىدە دۇزاختا كىرمەيدىغان بولدۇم»دەپ يالغاندىن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغانچى» دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنى پىلانلىغۇدەك ئەقىل بەرمىدى. نەتىجىدە خۇددى «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا «قۇرئان كەرىم» دە شۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» چۈشكەن زامانلاردا بىراۋ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسا ئۇ چوقۇم ساراڭ دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان ۋە ئەقىللار يېتىلگەن بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ ئىش تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي مۆجىزىلىرى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسى ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى بەدىئىيلىكى، ھەر بىر سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن

قىلىشتەك يۇقىرى جازىبىيىتى، قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

- **«قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىيلىكى**

قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆز ۋە ھەربىر ئايەتتە، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى بارچە بەدىئىيلىك تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۈلگىلىرى تېپىلىدۇ. ئەرەبلەر «قۇرئان كەرىم» چۈشۈشتىن بۇرۇن ئەدەبىيات ۋە بايان جەھەتتە دۇنيا خەلقىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن قەتئىي سۆزدە يېڭىلمايدىغان خەلق ئىدى. ھەتتا شۇ ۋاقىتتىكى يۇنان، ھىندىستان ۋە ئىراننىڭ ئاتاغلىق ئەدىبلىرى ۋە شائىرلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى شۇ ۋاقىتتا ئەرەبلەرنىڭ ئاتاغلىق شائىر ۋە ئەدىبلىرىنى تىزلا قايىل قىلغان.

ئەرەبلەر ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، پاساھەت (ھەر قانداق بىر مۇددىئانى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوچۇق ئىپادىلەش)، بالاغەت (ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىگە ئىنتايىن ئىخچام ۋە ئاسان ئىبارىلەر بىلەن نەق يەتكۈزۈش) جەھەتلەردە ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە خەلق بولۇپ تۇرۇپ «قۇرئان كەرىم»گە تەڭ

كېلەلمىگەن. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەن.

- **«قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرگە دۇئېل ئېلان قىلغان**

«قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرگە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچلۇق دۇئېل ئېلان قىلغان:

ئاللاھ تائالا دەسلەپتە ئۇلارنى بەدىئىيلىك ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئۇستۇنلۇكتە «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دۇئېل ئېلان قىلدى. (ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ)[1] ئۇلار بۇ دۇئېلنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندى، ئەمما ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى، قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتاب ئىجاد قىلالمىدى.

ئاندىن ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان 10 سۈرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىردى. (ياكى ئۇلار: «ئۇنى (يەنى قۇرئاننى مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دەۋاتامدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر

[1] ئىسرا سۈرىسى 88ـ ئايەت.

سىلەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئون سۈرە توقۇپ كەلتۈرۈپ بېقىڭلار[1]. ئۇلار بۇنىمۇ ئىجاد قىلالمىدى.

ئاخىرىدا ئۇلارنى بىرلا سۈرە ئىجاد قىلىپ بېقىشقا چاقىردى. (بەندىمىزگە بىز چۈشۈرگەن قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، كېلىڭلار سىلەرمۇ قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، ئەگەر دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىڭلار[2]. ئۇلار بىر سۈرىنىمۇ ئىجاد قىلالمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەرەبلەر يۇقىرىقى دۇئېللارنىڭ ھېچبىرىگە جاۋاب بېرەلمىگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئالدىدا ئاجىز قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى ۋە راستىنلا ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى.

چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئەشەددى كۇففارلارمۇ ئېتىراپ قىلغان ئىدى. ئىسلام دىنىغا جېنى بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلگەن

---

[1] ھۇد سۈرىسى13 ـ ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى23 ـ ئايەت.

ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»دىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يۇمشاپ ئۆزگە نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ۋەلىد ئەبۇ جەھلگە مۇنداق دەيدۇ: «سەنمۇ بىلىسەن، مەن ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ تالانتلىق شائىرىمەن، ئەرەبلەردە مېنى بېسىپ چۈشىدىغان شائىر يوق. قەسەم بىلەن ئېيتىراپ قىلىمەنكى، مەن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) تىن ئاڭلىغانلىرىم شېئىر ئەمەس ياكى قەسىدە ئەمەس، ئۇ شۇنداق بىر سۆزلەركى، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلايدۇ، قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ئېسىل، بۇ سۆزلەرنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان سۆزلەر يوق، ئۇ ھەمىشە ئۈستۈنلۈككە ئىگە، ھەر قانداق بەدىئىي بايانلارنى يوققا چىقىرالايدۇ».

مانا بۇ، ئىسلام دىنىنى يوقىتىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بىر كاپىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى بىرىنچى سۈرە فاتىھە سۈرىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى سۈرە ناس سۈرىسىگە قەدەر ھەممىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، «قۇرئان

كەرىم»نىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە پۈتۈن ئايەتلىرىدە ئىستىلىستىكا ۋە بايانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلگىلىرىنى بايقايمىز. بۇ ئايەتلەر سۆزلىرىنىڭ ئېسىللىكى بىلەن بىزنى قايىل قىلىشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ ھۇزۇر۔ ھالاۋىتى قەلبىمىزگە بېرىپ بولىدۇ.

- **«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىگە بىر مىسال**

تۆۋەندە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىستىلىستىكا جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن بەدىئىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە بىرلا مىسال كەلتۈرىمەن. ئەرەبلەر قاتىلدىن قىساس ئېلىشنىڭ قاتىللىق جىنايەتلىرىنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ بەدىئىي سۆز بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولۇپ، «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن جۈملىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئەڭ بەدىئىي جۈملە دەپ قارىغانلىقتىن، كەبىگە ئېسىپ قويۇپ پەخىرلەنگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلار ھەمىشە ئەڭ بەدىئىي شېئىرلارنى ۋە ھېكمەتلىك، بەدىئىي جۈمللەرنى كەبىگە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

«قۇرئان كەرىم»دىن (وَلَكُمْ فِي الْقِصَاصِ حَيَاةٌ) يەنى (قىساستا ھايات بار)[1] دېگەن ئايەت چۈشۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ كەئبىگە ئېسىپ پەخىرلەنگەن بۇ بەدىئىي

[1] بەقەرە سۈرىسى179 ـ ئايەت.

جۈملىسى ئادەتتىكى سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالدى ۋە پۈتۈن ئۇستىلىقىنى يوقىتىپ «قۇرئان كەرىم»گە ئورۇن بوشىتىپ بەردى.

ئىستىلىستىكا مۇتەخەسسىسلىرى «قۇرئان كەرىم» دىكى (قىساستا ھايات بار) دېگەن ئايەت بىلەن «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن جۈملە ئوتتۇرىسىدا بەدىئىيلىك جەھەتتە ئالاھىدە چوڭ پەرق بارلىقىنى ۋە مەزكۇر ئايەتنىڭ بۇ جۈملىدىن 20 دىن كۆپرەك تەرەپتىن ئۇستۈن بەدىئىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ھەرپ سانى «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ ھەرپ سانىدىن ئاز. ئايەت 12 ھەرپتىن، بۇ جۈملە 14 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. مەلۇمكى، قانچىلىك ئاز سۆز ۋە ئاز ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن مەنە ئەڭ بەدىئىي مەنىدۇر.

(2) ئايەتنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق. چۈنكى ئۇ قاتىلدىن قىساس ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. چۈنكى، ھەر قانداق ئۆلتۈرۈش قىساس ئۈچۈن بولمايدۇ. ئادەملەر بىر-بىرىنى ناھەقمۇ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ جۈملىدە قىساسنى ئىپادىلەيدىغان بىرمۇ سۆز يوق.

(3) ئايەتتە بىرەر سۆزمۇ تەكرارلانغان ئەمەس. چۈنكى سۆزنىڭ تەكرارلىنىشى جۈملىنىڭ بەدىئىيلىكىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەمما «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن جۈملىدە، «ئۆلتۈرۈش» دېگەن سۆز تەكرارلانغان.

(4) ئايەتتىكى «قىساس» سۆزى ئادالەتنى ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى باشقىسىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغان ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ نابۇت بولۇشقا مەھكۇمدۇر. ئەمما «ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن جۈملە بۇ مەنىنى بېرىشتىن يىراق.



- **قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئۆزى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇرلۇقى**

قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆز ئۆزى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەردىن بولۇپ، سۆزلەر ئارىسىدىكى رەت-تەرتىپ ۋە ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق پەۋقۇلئاددە يۇقىرىدۇر. مەن بۇ ئورۇندا بىرلا مىسال كەلتۈرۈشنى خالايمەن:

«قۇرئان كەرىم»دە، مەيلى قايسى ئايەتتە بولمىسۇن «ئاڭلاش» سۆزى «كۆرۈش» سۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن. «ئاڭلاش» سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ياسالما سۆزلەر «قۇرئان كەرىم»دە 227 قېتىم ئۇچرىسا، «كۆرۈش» سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ياسالما سۆزلەر

148 قېتىم ئۇچرايدۇ؛ «كۆز»، «قۇلاق» بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «قۇلاق» سۆزى ھەمىشە «كۆز» سۆزىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ((ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە چوقۇم سوئال - سوراق قىلىنىدۇ)[1]، (سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى، سىلەر بەك ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر﴾[2]، (ئۇلار (ھەقنى) ئاڭلاشقا ۋە (ھەقنى) كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ)[3].

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن باشقا «قۇلاق» بىلەن «كۆز» تىلغا ئېلىنغان بارلىق ئايەتلەردە «قۇلاق» سۆزى بىلەن ئىنساننىڭ ئاڭلاش سېزىمى رەت جەھەتتە «كۆز» سۆزى بىلەن كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟

قېنى بىز نەزىرىمىزنى ئىلىم - پەن ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ۋە ئىلمىي پاكىتلارغا سېلىپ باقايلى:

تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، ئىنساننىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئەزالىرى بىرلا ۋاقىتتا

[1] ئىسرا سۈرىسى 36- ئايەت.

[2] سەجدە سۈرىسى 9- ئايەت.

[3] ھۇد سۈرىسى 20- ئايەت.

يارىتىلىدۇ. تۆرەلمە تۆرىلىپ ئۈچ ھەپتە بولغاندا، ئۇنىڭ قۇلاق ئاساسىي تاختىسى يېتىلىدۇ، بۇ ئاڭلاش ئورگىنىنىڭ يېتىلىشىنىڭ باشلىنىشى، تۆرەلمىگە تۆت ھەپتە بولغاندا كۆزنىڭ ئاساسىي تاختىسى يېتىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئىچكى قۇلاق تەرەققىي قىلغان ھالغا كېلىدۇ، تۆت ھەپتە بولغاندا قۇلاق قۇلۇلىسى يېتىلىشكە باشلاپ، سەككىز ھەپتە بولغاندا مۇكەممەل ئاڭلاش ئويمىنى شەكىللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىچكى قۇلاق بەش ئايدا تولۇق يېتىلىدۇ ھەم ئاڭلاش سەزگۈ نېرۋىلىرى غىدىقلىنىشنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئەمما كۆز، كۆز ئالمىسى بىلەن كۆرۈش پەردىسى (نۇرلۇق پەردە) يەتتە ئايدا يېتىلىدۇ ھەم ئېچىلىدۇ. بىراق كۆز بالىياتقۇ ئىچىدە ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما قۇلاق ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ، بۇۋاق ئانىسىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ۋە ئۈچەي ھەرىكەتلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ.

- **خۇلاسە قىلغاندا**

(1) تۆرەلمىنىڭ ئاڭلاش سەزگۈ سىستېمىسى كۆرۈش سەزگۈ سىستېمىسىدىن بۇرۇن يېتىلىدۇ، ئاڭلاش سەزگۈسى تۆرەلمە بەش ئايلىق بولغاندا چوڭ ئادەمنىڭ ئاڭلاش سەزگۈ سىستېمىسى شەكلىگە كىرىدۇ. كۆرۈش سەزگۈ سىستېمىسى بالىلار 10 ياشقا كىرگەندىن كېيىن

ئاندىن مۇكەممەللىشىپ پىشىپ يېتىلىدۇ.

(2) تۆرەلمە بالىياتقۇدىكى چېغىدا ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ، ئەمما نۇر، سىزىقلارنى تۇغۇلغاندىن كېيىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە «ئاڭلاش» سۆزىنىڭ «كۆرۈش» سۆزىنىڭ ئالدىدا بايان قىلىنغانلىقىنىڭ يەنە باشقا سەۋەبلىرى مۇنداق:

(1) بىئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال ئۇنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى تورمۇزلىنىپ (ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ)، ئاندىن كېيىن ئاڭلاش سەزگۈسى تورمۇزلىنىپ ئىشتىن توختايدۇ. ئىنسان هوشسىزلانغاندا، ئۇكسىگېن يېتىشمىگەندە، سەكراتقا چۈشكەندە، مېڭىگە قان يېتىشمىگەن ئەهۋاللاردىمۇ ئاۋۋال كۆرۈش سېزىمى يوقىلىپ، ئاندىن ئاڭلاش سېزىمى يوقىلىدۇ.

(2) ئايروپىلاندا ئۇچقاندا تېز سۈرئەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلىگەندە كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يېتىپ مۇجمەل كۆرۈش قۇۋۋىتى شەكىللىنىدۇ. ئەمما ئاڭلاش ئىقتىدارى هەرگىز يوقالمايدۇ، ئىنتايىن تۆۋەن بولسىمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ.

(3) ئادەم ئۇخشاش بولمىغان يۆنىلىش ۋە ئوخشاش

بولمىغان تەرەپلەردىن كەلگەن ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ. ئەمما ئادەمنىڭ بېشى مۇقىم بىر ئورۇندا تۇرغاندا، ئۇنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈش بولۇڭى °180، تىكلىكتىكى كۆرۈش بولۇڭى °145بولىدۇ. نۇر تۈز سىزىق بويىچە تارقالغاچقا، توسالغۇلاردىن، ئەگرى جايلاردىن ھەم سۈزۈك بولمىغان جىسىملاردىن ئۆتەلمەيدۇ. ئەمما ئاۋاز ھەر قايسى تەرەپلەرگە تارقىيالايدۇ. ئېگىز ـ پەس جايلاردىمۇ، قىلىن، ئېگىز تاملاردىمۇ تارقىيالايدۇ.

(4) ئىنساننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىدىن كەلگەن ئۇچۇرلار ئۇنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەمما باشقا سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئۇچۇرلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ھەم تەسىرى بۇنىڭغا يەتمەيدۇ. شۇنداقلا كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ مىقدارى ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدىغان ئۇچۇرلاردىن كۆپ بولسىمۇ، مېڭىدە قېلىشتا ئاڭلاش سەزگۈسىدىن كەلگەن ئۇچۇرلارغا يەتمەيدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنساننىڭ قەلبىنى ئېرىتئۆۋېتىدىغان، جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان مۆكلۈق، تەسىرلىك قىرائىتى راستىنلا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قەلبىنى ئېرىتىدۇ ۋە ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»دە «قۇلاق» ۋە «ئاڭلاش» سۆزلىرىنىڭ «كۆز» ۋە «كۆرۈش» سۆزلىرىنىڭ ئالدىدا

قويۇلىشى چوڭقۇر ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلمىغان مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردا، بىر ئىنساننىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ.



- **«قۇرئان كەرىم»نىڭ تېكىستلىرىدىكى ئۆزگىچىلىك**

قۇرئاننىڭ تېكىستلىرى، لەۋزى ئىنتايىن سىلىق، چاققان، مەنىگە دالالەت قىلىش ئۇستىلىقى ئالاھىدە يۇقىرى، ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن بەكمۇ ئەپلىك ھەم ئۇيغۇندۇر. قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ بىر ئاڭلاش بىلەنلا بۇنى ئەلۋەتتە ھېس قىلالايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئايەت بىلەن ھەدىسنىڭ پەرقىنى ئاڭلاپلا بىلەلەيدۇ. مۇندىن باشقا ئاڭلىغۇچىلار ئەرەبچە سۆزلەر ئىچىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى تېزلا بايقىيالايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ ۋە رىتىم جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ ئۇنىڭ مەنىسىگە قاراپ بولغان. مەسىلەن: ئەھلى جەننەتتە بولىدىغان ياخشى كىشىلەر ھەققىدىكى بايانلاردا ئايەتلەر ئىنتايىن يۇمشاق، سىلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ۋە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان. ﴿إِنَّ اللَّهَ يُدْخِلُ الَّذِينَ آمَنُوا

وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَلُؤْلُؤًا وَلِبَاسُهُمْ فِيهَا حَرِيرٌ﴾[1]، ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ. ادْخُلُوهَا بِسَلَامٍ آمِنِينَ. وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَانًا عَلَى سُرُرٍ مُّتَقَابِلِينَ﴾[2] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش. ئەمما ئەھلى دوزىخى بولىدىغان يامان ئادەملەر ھەققىدە كەلگەن بايانلاردا، ئايەتلەر ئادەمنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سالىدىغان، تەلەپپۇزى ئىنتايىن قاتتىق چىقىدىغان ھەرپلەر ۋە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان. ﴿وَتَرَى الْمُجْرِمِينَ يَوْمَئِذٍ مُّقَرَّنِينَ فِي الْأَصْفَادِ. سَرَابِيلُهُم مِّن قَطِرَانٍ وَتَغْشَى وُجُوهَهُمُ النَّارُ﴾[3]، ﴿جَهَنَّمَ يَصْلَاهَا مَذْمُومًا مَّدْحُورًا﴾[4] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش.



[1] ھەج سۈرىسىنىڭ 100- ئايىتى. تەرجىمىسى: «ئاللاھ ھەققەتەن ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بۇيۇمى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ».

[2] ھىجر سۈرىسىنىڭ 45- ۋە 46- ئايەتلىرى- ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى: «تەقۋادارلار ھەققەتەن (جەننەتلەردە) باغ - بوستانلاردىن (سۇ، ھەسەل ۋە مەي ئېقىپ) تۇرىدىغان بۇلاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا «جەننەتكە ئامان - ئېسەن كىرىڭلار» دېيىلىدۇ».

[3] ئىبراھىم سۈرىسىنىڭ 49- ۋە 50- ئايەتلىرى. تەرجىمىسى: «ئۇ كۈندە (قىيامەت كۈندە) گۇناھكارلارنى زەنجىرلەر بىلەن بىر- بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قارا مايدىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ».

[4] ئىسرا سۈرىسىنىڭ 18- ئايىتى. تەرجىمىسى: «ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، ئۇ دوزاخقا خارلانغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ».

- **«قۇرئان كەرىم»نىڭ جازىبىيىتى**

«قۇرئان كەرىم»نىڭ جازىبىيىتىمۇ ئالاھىدە چوڭ بىر مۆجىزە. سىز بىرەر بەدىئىي ئەسەرنى دەسلەپ ئوقۇغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى سىزنى ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ، ئۇنى تويماي ئوقۇيسىز. ئەمما ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇغىنىڭىزدا سىزدىكى ھاياجان يوقىلىدۇ ـ دە، سىزگە بىرەر يېڭىلىق ھېس قىلىنمىغانلىقتىن، ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇشتىن زېرىكىش ھېس قىلىسىز. ھالبۇكى قۇرئاندا بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر يوق. ئەكسىچە، سىز قۇرئاننى قانچىلىك كۆپ قايتىلاپ ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ جازىبىيىتى شۇنچىلىك ئاشىدۇ، ئۇنى تويماي ئوقۇيسىز. ئۇنىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋىتى سىزنى زوقلاندۇرىدۇ. بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم نامازدا كۈنىگە فاتىھە سۈرىسىنى ئاز دېگەندە 32 قېتىم ئوقۇيدۇ. ئەمما ئۇلار ئەينى سۈرىنى بۇنچىلىك كۆپ ئوقۇشتىن قىلچە زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ سۈرىنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىدا يېڭى ـ يېڭى مەنىلەرگە ۋە مەنىۋى يۈكسىلىشلەرگە ئىگە بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ جازىبىيىتى ئۇز ۋاقتىدىكى ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىدىغان كۆپلىگەن ئەرەبلەرنىڭ بىرەر ئايەتنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قېلىش سەۋەبى بىلەن دىللىرى بىردىنلا ئېرىپ مۇسۇلمان بولۇشىغا

تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن ئىسلامنى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان، مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئۇنىڭدىن قورقۇپ مەخپىي ھالدا مۇسۇلمان بولغان سىڭلىسى ئوقۇۋاتقان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئىختىيارسىز ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ قاتتىق دىلى بىردىنلا ئېرىپ، ئۆچمەنلىك تولغان كۆڭلى بىردىنلا تۇمشاپ شۇ ئاندا مۇسۇلمان بولغان. شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەب كاتتىباشلىرىنىڭ خەلقنى «قۇرئان كەرىم» تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن قاتتىق توسقانلىقىنىڭ سەۋەبمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ جازىبىيتى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئامالسىز قالغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: (كاپىرلار: «سىلەر بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، (قۇرئان ئوقۇلغاندا غەلۋە قىلىپ) ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى توسۇشتا) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى)[1].

ئەمما ھازىرقى زاماندا، خۇددى زىرائەتچىلىككە يارىمايدىغان قاتتىق يەر سۇنى قوبۇل قىلمىغاندەك، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ، ھەتتا ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىدىغان ئەرەبلەرنىڭمۇ دىلى قارىيىپ، كۆڭلى

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 26 ـ ئايەت.

قاتتىقلىشىپ كەتكەنلىكتىن «قۇرئان كەرىم» ئۇلارغا تەسىر قىلمايدۇ. چۈنكى مۇنداقلار «قۇرئان كەرىم»نى ھەقىقىي رەۋىشتە ئاڭلاشتىن خېلىبەك يىراقتا.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى

«قۇرئان كەرىم» ئۆز ۋاقتىدا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن خەۋەر بەرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بۇ ھەقىقەتلەرنى كەشىپ قىلىدىغان ئىلىم-پەن تېخى مەيدانغا كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئىلمىي ئۇسۇلدا شەھلەنمىگەن ۋە زاماننىڭ تەرەققىياتىغا تەرك ئېتىلگەن. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن خەۋەر بەرگەن مۆجىزىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ دەلىللىرىدىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

- **بىرىنچى: تەبىئىي پەن دەلىللىرى**

(1) شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ قوزغىلىشى

بۇلۇتلارنىڭ يۆنىلىشى بۇلۇتلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان شاماللارنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. تەتقىقاتچى ئالىملار شاماللارنىڭ دېڭىز يۈزىگە كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ

بۇلۇت ھاسىل قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا شامالنىڭ چاڭ - توزانلارنى ۋە بىر قىسىم تۇپراق دانچىلىرىنىمۇ يۇقىرىغا كۆتىرىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار يەنە شاماللار كۆتىرىپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىققان چاڭ - توزان، تۇپراق دانچىلىرى، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىلىرى ۋە تۇمان قاتارلىقلارنى دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىغا ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ دانچىلارنىڭ ئەتراپىنى سۇ پارلىرى ئوراپ ئاستا - ئاستا چوڭىيىشى نەتىجىسىدە ئېغىر بۇلۇت پارچىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

«قۇرئان كەرىم» بۇلۇتنىڭ شاماللار ئارقىلىق قوزغىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ شاماللانى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنىچە تارقىتىدۇ)[1].

قۇرئان يەنە، شامالنىڭ سۇپارلىرىنى ھەي-دەيدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئېغىر بۇلۇت ھاسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن يامغۇر تامچىلىرى چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: (بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق. بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر)[2].

---

[1] رۇم سۈرىسى 47 - ئايەت.

[2] ھىجر سۈرىسى 22 - ئايەت.

(2) ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكى

كىشىلەر ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تەتقىقاتچىلار زامانىمىزدىكى ئىلىم ـ پەننىڭ سايىسىدا ئاسمان جىسىملىرىدىكى قالدۇق تۇتۇن ماددىلىرىنى ۋە ئۇلاردىن يېڭى پلانېتلارنىڭ تەركىب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئەمما «قۇرئان كەرىم» بۇھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن قەيت قىلغان. (ئاللاھ ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى)[1].

(3) ئاي نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئاينىڭ ئەسلىدە قۇياشقا ئوخشاش ياندىغان نۇرلۇق ماددا بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى ۋە كېچىدىكى ئاي نۇرىنىڭ پەقەت قارشى تەرەپتىكى قۇياشنىڭ نۇرىدىن ئەكس ئەتكەن (قايتۇرغان) يورۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ھالبۇكى «قۇرئان كەرىم» بۇھەقىقەتنى ئاللىبۇرۇن ئېلان قىلغان: (كېچە بىلەن كۈندۈزنى (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى قاراڭغۇلۇق قىلدۇق)[2].

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

«قۇرئان كەرىم» يەنە قۇياشنى يانغۇچى چىراق، ئاينى يورۇقلۇق بەرگۈچى دەپ تەرىپلىگەن: (ئاسماندا ئۇربىتىلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ (قۇياش)نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھ نېمىدېگەن بۈيۈك!)[1].

بۇ ئايەتلەرد، ئاينىڭ يورۇقلۇقنى قۇياشتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاللاھ تائالانىڭ قۇياش بىلەن ئاينى «ئىككى چىراغ» دەپ تونۇشتۇرماستىن، قۇياشنى «چىراغ»، ئاينى «نۇرلۇق» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنى ئونۇتماسلىق كېرەككى، «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆز ئورنىغا شۇنداق كەم ـ زىيادە قىلىنماستىن، ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەرگىزمۇ مەقسەتسىز ئەمەس. ئەرەب تىلىنىڭ زەۋقىنى تېتىغانلار بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

(4) ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكى

كىشىلەر ھازىرقى ئىلىم ـ پەن بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ئوكسىگېننى ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىمۇ بار، دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئايروپىلان ئىجاد قىلىنىپ كىشىلەر ئاسمانغا ئۆرلىگەندىن كېيىن، ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىنى، بۇ سەۋەبتىن ئۇ جايلاردا

[1] فۇرقان سۈرىسى 61ـ ئايەت.

نەپەسنىڭ سىقىلىدىغانلىقىنى بىلىدى. ئەمما قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن ئېلان قىلغان: (ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ــ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كېڭەيتىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ــ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، گويا ئۇ ئاسمانغا تېز چىقىۋاتقاندەك ئىچى سىقىلىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ)[1].

بۇ ئايەتتە، ئىمان ئېيتىش قىيىن كەلگەنلىكتىن كۆكسى تارايغان كىشى ھاۋا بوشلۇقىغا چىققاندا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپىسى سىقىلغان كىشىگە ئوخشىتىلغان. بۇ ئايەتتە، ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپەس ئېلىشنىڭ قىيىنلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

### (5) ھەر شەيئىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ خۇددى جانلىقلارغا ئوخشاش جۈپ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا جامادلارنىڭ (قاتتىق جىسىملار) نىڭمۇ جۈپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دېگەن: (بارلىق شەيئىلەرنى جۈپ ياراتقان ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، (ئىنسانلارنىڭ) ئۆزلىرىنىڭ

[1] ئەنئام سۈرىسى 125ـ ئايەت.

ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپى بار[1].

(6) سېزىمنىڭ تېرىدە ئىكەنلىكى

تىببىي مۇتەخەسسىسلەر ئاغرىقنى ھېس قىلىش پەقەت تېرىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بەدەنگە ئوكۇل سېلىنغاندىمۇ ئوكۇل تېرىدىن گۆشكە ئۆتۈپ بولغىچە ئاغرىق ھېس قىلىنىدۇ. ئەمما ئوكۇل گۆشكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىق ھېس قىلىنمايدۇ. كۆيۈكمۇ شۇنداق. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى ئۆز ۋاقتىدىلا ئېلان قىلغان: (شەكسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىشى ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەپ تۇرىمىز)[2]. چۈنكى تېرە كۆيۈپ بولسا، ئازاب ھېس قىلىنمايدۇ، شۇڭا تېرە يېڭىلىنىپ تۇرغاندىلا ئازاب داۋام قىلالايدۇ.

(7) دېڭىزنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرى

كىشىلەر دېڭىزلارنىڭ سۇ ئۈستى دولقۇنلىرىدىن باشقا ئىچكى دولقۇنلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيتتى، شۇنداقلا سۇ ئۈستى دولقونلىرىنىڭ يۇقىرىدىن چۈشكەن

[1] ياسىن سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى 56ـ ئايەت.

يورۇقلۇقنى توسۇۋېلىپ، سۇ تېگىدە قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھازىرقى پەن ـ تېخنىكا بۇنى ئىسپاتلىدى. ئەمما قۇرئان ئەڭ ئاۋۋال بۇنى ئىسپاتلىغان ئىدى: (ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرغان چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ)[1].

(8) تاغلارنىڭ قوزۇق ئىكەنلىكى

ئارخېئولوگلار تاغلارنىڭ يەر ئاستىدىكى قىسمى يەر ئۈستىدىكى قىسمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، خۇددى قېقىلغان قوزۇققا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى يەر تەررەشنى ئاجىزلاشتۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ((زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟)[2]، (يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق)[3].

(9) يەرشارىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى

[1] نۇر سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

[2] نەبە سۈرىسى 7ـ ئايەت.

[3] ئەنبىيا سۈرىسى 31ـ ئايەت.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (بىز ئاي ئۈچۈن ئايلىنىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىردا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش (ئىنچىكە) بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى (ئايرىم) بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ)[1].

بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ئورنى قۇياشتىن 93 مىليون مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوقىدا 24 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى 365 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. زېمىن شار شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سائەتلىك ئايلىنىشى مىڭ مىل (1500 كىلومېتىر) دۇر. ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى بىر سائەتلىك ئايلىنىشى 65 مىڭ مىلدۇر. ئەگەر يەر شارى ئۆزىنىڭ ھازىرقى شەكلى ۋە ھەجمىدىن چوڭ ياكى كىچىك بولغان بولسا، زېمىندىكى ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. چۈنكى يەر شارىنىڭ شەكلى بىلەن ھەجمى ئۇنىڭ تېزلىكى ۋە ئايلىنىشىغا مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى بىر سائەتتە مىڭ مىل بولماستىن، ئۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا يەنە ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ھازىرقىدىن زىيادە بولۇپ

[1] ياسىن سۈرىسى 39- 40- ئايەتلەر.

يۈز مىڭ مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سائەتكە سوزۇلۇپ كېتىپ، زىرائەتلەر كۆيۈپ كەتكەن ۋە جانلىقلارمۇ ھالاك بولغان بولاتتى. ئەگەر كەم بولۇپ يۈز مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ۋاقتى ئاران 1سائەت 20 مىنۇتقا قىسقىراپ كېتىپ، زىرائەتلەر پىشمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يىللىق ئايلىنىشى ھازىرقىدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا، دۇنيادىكى 4 پەسىلدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىش نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. شۇنداقلا، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان مۇساپىسى ھازىرقى مىقداردىن يېقىن بولغان بولسا، يەرشارىدىكى ئىنسان، ھايۋان، دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋ زىرائەت ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ مۇساپىسى ھازىرقى مىقداردىن يىراق بولغان بولسا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى توڭلاپ نابۇت بولغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە پۇختا پىلانى بىلەن ئەزەلدە شۇنداق بېكىتىلگەن قانۇنىيەتلەردۇر.

(10) زەررىدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقى

«قۇرئان كەرىم» مۇنداق دەيدۇ: (ئاسمان – زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ

بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر)[1]. بۇ ئايەت ئەڭ كىچىك نەرسە ـ ئاتوملا ئەمەس، بەلكى ئاتومدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ماتېرىيالىزمچىلار 19 ـ ئەسىرگە كەلگۈچىلىك ئەڭ كىچىك نەرسە ئاتوم دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرى ئاتومدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاتومنىڭ كىچىك پارچىلىرى پروتون، نېيترون ۋە ئېلېكتروندىن ئىبارەت.

(11) ھەر نەرسىنىڭ ئۆلچەملىك يارىتىلغانلىقى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق)[2]. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ھەر نەرسە مەلۇم مىقداردا ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئوكسىگېنىنىڭ مىقدارى 21% بولماي 50 % بولغان بولسا، دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ئەڭ كىچىك بىر شامال بىلەن ھالاك بولغان بولاتتى. دۇنيادىكى جانلىقلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق

[1] سۈرە يۇنۇس 61 ـ ئايەت.

[2] ھىجر سۈرىسى 19 ـ ئايەت.

هايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىپ، كاربۇن4 ئوكسىدىنى سىرتقا چىقىرىدۇ. زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەل- دەرەخلەر كاربون 4 ئوكسىدىنى سۈمۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ساپ ئوكسىگېننى سىرتقا چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەت ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولسا ئىدى، جانلىقلار ۋە جانسىز ئۆسۈملۈكلەر ياشىمىغان بولاتتى. بۇ ئايەتتىكى «نىسبەتنىڭ (ئۆلچەملىك) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «نىسبەتنىڭ باراۋەرلىكى» دېگەنلىكتۇر. هازىرقى زامان خېمىيە ئالىملىرى زىرائەتلەردىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچەمدە تەڭپۇڭلاشقان نەرسىلەردىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.



### (12) بارماق ئىزلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: (بىز ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز)[1] دېگەن. بىر ئىنساندىكى ئورگان يەنە بىر ئىنساندىكىسىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: كۆز كۆزگە، قۇلاق قۇلاققا، قول قولغا، بۇرۇن بۇرۇنغا ئوخشايدۇ. بىراق، بارماقلارنىڭ سىزىقلىرى هەرگىزمۇ بىر- بىرىگە ئوخشاش چىقمايدۇ. بەلكى هېچبىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىرسىنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىكى

[1] قىيامەت سۈرىسى 4 - ئايەت.

(بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز) دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقىقەت 1884 ـ يىلى كەشپ قىلىنىپ، شۇندىن بېرى بارماق ئىزلىرى ئىنسانلارنى بىر- بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.

مۇندىن باشقا «قۇرئان كەرىم» ئالدىن خەۋەر بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر زامانىمىزدا، ئىلىم ـ پەن سايىسىدا ئىسپاتلاندى ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ يېقىن كېلەچەكتە ئىسپاتلىنىشىغا ئىشىنىمىز.

- **ئىككىنچى: ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر**

(1) توپان ۋەقەسى

«قۇرئان كەرىم»دە ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا نۇھ (Noah) ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۈچۈن ياسالغان كېمە ھەققىدىكى قىسسە بايان قىلىنغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل ئۆمۈر سۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى قەۋمىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئاللاھ ئۇنى كېمە ياساشقا بۇيرۇيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى ئاللاھ بۇيرىغان شەكىلدە ياساپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ۋە

ھەر جانلىقتىن بىر جۈپتىن كېمىسىگە ئالدۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن شىددەتلىك بىر يامغۇر يېغىپ «ئاللاھنىڭ ئازابى نەدە؟ ئۇنى كۆرسەتمەمسەن؟» دەپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سۇدا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

بۇ ۋەقە ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 68 پارچىدىن كۆپرەك داستان يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋەقەلىكنى سۆزلىگەن. زامانىمىزدا ئارخېئولوگىيە ئىلمى سايىسىدا بۇ ۋەقە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانغان. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيە دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ ھادىسىنىڭ پۈتۈن يەرشارىغا ئومۇم بولغانلىق ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر.

1960 ـ يىللىرىدا ئامېرىكىلىق ئىككى ئارخېئولوگ تەرىپىدىن مېكسىكا قولتۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، بۇ جايدىكى جانلىق مىكروئورگانىزم ماددىلىرىنىڭ قەدىمكى زامانلارغا ئائىت قالدۇقلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. مىيامى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Cesare ۋە Rodhe ئىسىملىك ئىككى ئارخېئولوگ، ئىسلاند ئۇنىۋېرسىتېتىدىن James Kannet ۋەكامبىرج ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Nicolas لاردىن تەشكىللەنگەن تەتقىقاتچىلار گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان مېكسىكا قولتۇقىدىكى بىر تۈزلۈقتا دراماتىك بىر چوڭ

ئۆزگىرىش بايقالغان. بۇ بولسىمۇ، مۇندىن 11600 ـ 12000 يىللار بۇرۇن مېكسىكا قولتۇقىنىڭ تاتلىق سۇ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى ئىدى. ساماۋىي كىتابلاردا بۇ ۋەقەلىك «تۇپان سۈيى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.[1]

(2) ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرى

ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ بارلىقى «قۇرئان كەرىم»دە سۆزلەنگەن بولسىمۇ، يېقىنغىچە بۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ياۋروپالىقلار رەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ سايىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ شەھەرلەر ئوتتۇرىغا چىققان. سەمۇد قەۋمى چوڭ ئاد قەۋمىنىڭ بىر بۆلۈكى بولۇپ، بۇلار مەككىدىن سىناغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. سەمۇد قەۋمى قۇرئاننىڭ «ئەئراف»، «ھۇد»، «ھىجر» ۋە «قەمەر» سۈرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. «پاتلايمۇس تارىخى» ناملىق قەدىمكى زامانلارغا ئائىت تارىخى ئەسەر تېپىلغاندىن كېيىن، قېزىشلار بۇنىڭغا ئاساسەن باشلانغان ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ قەۋملەرنىڭ شەھەرلىرى تېپىلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىياد ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاسارە ئەتىقە ئالىمى دوكتور ئابدۇراھمان ئەنسارىي تەرىپىدىن ئەرەبىستاننىڭ

---

[1] تۈركچە «دىنلار تارىخى» ناملىق كىتابتىن..

غەربىي شىمالىدىكى «مەدائىننى سالىھ» دېگەن يېرىدە ئېلىپ بېرىلغان قېزىشتا، سەمۇد قەۋمىنىڭ شەھەرلىرى بايقالغان. بۇ شەھەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارغا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇم دۆۋىسى ئاستىدا قالغان، تاشتىن ياسالغان كاتتا سارايلار ۋە شۇ ۋا ـ قىتتىكى سەمۇدىيە يېزىقلىرى بىلەن يېزىلغان تارىخىي ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلغان[1].

(3) ئىرەم شەھىرى

ئىرەم شەھىرىدە ھۇد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋملىرى ياشىغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە ھۇد قەۋمىنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتىپ، كۇپرى ـ زالالەت ۋە ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش بىلەن ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىرەم شەھىرىدە ئۆتكەنلىكى ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ «سەرسەر» دەپ ئاتالغان كۈچلۈك بىر بوران بىلەن بىر كېچىدىلا ھالاك قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن. ((ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاد قەۋمىنى ـ (باشقا) شەھەرلەردە ئوخشىشى يارىتىلىپ باقمىغان، ئېگىز بويلۇق ئىرەملىكلەرنى، تاغ جىلغىسىدا (ئۆي سېلىش ئۈچۈن) قورام تاشلارنى يونۇغان سەمۇد قەۋمىنى، قورالىلىق لەشكىرى بولغان پىرئەۋننى رەببىڭنىڭ قانداق

[1] لوندوندا نەشىر قىلىنىدىغان ئەرەبچە «الشرق الۆوسط» (ئوتتۇرا شەرق) گېزىتى 2001 ـ يىل 2 ـ ئاي 25 ـ ساندىن.

جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟)[1].

1982 ـ يىلى كالىفورنىيىلىك بىر تەكشۈرۈش گۇ ـ رۇپپىسى نامىنى بىر ئىنگلىز جاسۇسىدىن ئاڭلىغان قەدىمىي شەھەر يوللىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، بۇلار نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. كېيىنچە ئۇلار مەخسۇس رادارلارنى ئىشقا سېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئومان چۆللىرىگە تارقىلىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئۇلار قەدىمىي شەھەر يوللىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار، ئىككىنچى ئەسىردە ئۆتكەن «پاتلايمۇس» دېگەن تارىخچى بايان قىلغان ئىرەم (تارىخچى ئىرېم دەپ ئاتىغان) شەھىرىنى 12 مېتىر قېلىنلىقتىكى قۇملۇقنىڭ ئاستىدىن تېپىپ چىقىدۇ. 4800 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ شەھەرنىڭ تېپىلغانلىقى «چۆللەرنىڭ ئاتلىسى» (Atlantic of the Sand) سەرلەۋھىسى ئاستىدا ئامېرىكىنىڭ «Times» ۋە «Newsweek» گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان[2].

يۇقىرىقى شەھەرلەرنى ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ قە ـ ۋملىرىنى كەرىم چۈشكەن ۋاقىتلاردىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. بىرىنچى بولۇپ «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىدىن، ئەھۋالىدىن ۋە ئاقىۋەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن.

[1] فەجر سۈرىسى 6ـ 9ـ ئايەتلەر.

[2] «سىزنىتى ژۇرنىلى» 98ـ يىللىق 5ـ ساندىن ئېلىندى ــ تۈركچە.

## (4) پىرئەۋننىڭ جەسىدى

ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: (بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان چاغدا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئەمدى مەنمۇ مۇسۇلمانلاردىن بولدۇم» دېدى. (ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىلدى) «ئەمدىمۇ؟ (يەنى ئەمدى ئىمان ئېيتامسەن؟) ھالبۇكى، ئىلگىرى (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلاردىن ئىدىڭ. سېنىڭ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى (دېڭىزدىن) چىقىرىپ قويىمىز». شەكسىزكى نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر[1].

ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنگلىزلەر تەرىپىدىن قىزىل دېڭىز بويىدىكى «جەبەلەين» دېگەن جايدىن پىرئەۋننىڭ جەسىدى تېپىلىپ، ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ جەسەتنىڭ ئۆمرىنى بىلىش ئۈچۈن، جەسەتلەرنىڭ ئۆمۈرلىرىنى بىلىشتە قوللىنىلىدىغان ھەرتۈرلۈك مېتودلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلغانىنىڭ

[1] يۇنۇس سۈرىسى 90 ـ 92 ـ ئايەتلەر.

سىرتىدا، كاربون 14 مېتودىمۇ ئىشقا سېلىنغان. ئەجەپلىنەرلىككى، بۇ جەسەت 3000 يىللىق بولۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېرىسىلا چۈرۈگەن، ئەمما ئورگانلىرى بۇزۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جەسەد مۇمىيا قىلىنمىغان ئىكەن. چۈنكى مۇمىيا قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ھالبۇكى، پىرئەۋننىڭ جەسىدىنىڭ ئورگانلىرى جايىدا ئىدى. ھازىر بۇ جەسەت ئەنگلىيە مۇزېيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا.



- **ئۈچىنچى: تېخنىكىلىق دەلىللەر**

(1) ئېمبرىئولوگىيە (تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان فرانسىيە تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور (Maurese) زامانىۋى تىببىي ئاپپاراتلار ئارقىلىق ئانا قورسىقىدىكى بالا ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ، «قۇرئان كەرىم»دە ئەسىرلەر بۇرۇن بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققانلىقىغا ھەيران قالغان ۋە ياۋروپانىڭ ئەڭ كۆپ تىراژلىق گېزىت، ژۇرناللىرىدا (the Quran and Modern science) «قۇرئان ۋە زامانىۋىي مېدىتسىنا» ماۋزۇ ئاستىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كەلگەن: (ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يارىتىدۇ)[1]. بۇ ئايەتتىكى ئۈچ قات پەردە ـ بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى. بالاياتقۇ ۋە ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قات پەردىدۇر. يېقىنقى زامان مېدىتسىنا ۋە تەبىئەت مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئۈچ قات پەردىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ئىسىملارنى قويغان. ئۇلار «مىنبارى»، «خوربىۇن»، «لەفائىفى» دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) فرانسۇز سۇ تەتقىقاتى ئالىمى Jac Cousteau ئاق دېڭىز بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان«جەبەلتارىق» بوغۇزىدا (كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان)بىر سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقىنى، ئىككى پەرقلىق ئىسسىقلىقتا ۋە تۇزلۇق ئورانىغا ئىگە بولغان بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەستىن، بىرى تاتلىق، يەنە بىرى ئاچچىق ھالىتى بويىچە، بىر ـ بىرىگە يېقىن ئېقىۋاتقانلىقىنى بايقالغان. ئەدەن قولتۇقىنى قىزىل دېڭىزدىن ئايرىپ تۇرىدىغان مەندەب بوغۇزىدىمۇ سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى بايقالغان. بۇ قېتىمقىسىنى گېرمانىيىلىكلەر تېپىپ چىققان. دۇنيانىڭ كۆپ مەملىكەتلىرىدە سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى بايقالغان.

[1] زۇمەر سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

مەسىلەن: بېنگال، بىرما ۋە ھىندىستاندىمۇ بۇ تۈردىكى سۇ توسمىلىرى بولغان دېڭىز، دەريالارنىڭ بارلىقى كېيىنكى يىللاردا بايقالغان.

يۇقىرىقىلارنى Cousteau دوستى پروفېسسور M. Bukail غا ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇ، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئەمەلىي مەيدانغا كەلگەن ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا «قۇرئان كەرىم»دىن بۇلارنى ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىدۇ: (ئۇ (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. (ئەمما) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (ئىلاھىي) توسۇق بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ [1].



- **تۆتىنچى: ئاسترونومىيىلىك دەلىللەر**

(1) يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىۋەتكەن ئىشىدۇر. بىز ئاي ئۈچۈن ئايلىنىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىردا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش(ئىنچىكە) بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا

[1] رەھمان سۈرىسى 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.

يېتىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى (ئايرىم) بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ)[1].

بۇ ئىبارىلەر ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئانچە ھەيران قالارلىق ئىبارىلەر ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، بەزى ۋاقىتلاردا ئورۇنلىرىنىڭ يىراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. لېكىن ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ ئايلىنىدىغان پەلەكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىدەك، قۇياشنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدىمۇ ھېچنەرسىنى بىلمەيتتى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئايىتىنىڭ شۇ ئەسىرلەردە تونۇلمىغان يېڭى مەرىپەتلەر بىلەن كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ سۆزى بولماستىن بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دالالەت قىلىدۇ.

دوكتۇر موررىس بوكاي بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان زېمىننىڭ مەركىزىي نوقتا ئىكەنلىكى، قۇياشنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلەك ھەققىدىكى كونا چۈشەنچىنى بايان قىلماستىن بەلكى قوياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بەلگىلەنگەن مۇئەييەن پەلەكلىرى ئىچىدە سەير قىلىدىغانلىقىنى يېڭى دەۋرى ئىلىمگە ئۇيغۇن ھالدا

[1] سۈرە ياسىن 38ـ، 39ـ، 40ـ ئايەتلەر.

بايان قىلماقتا»[1].

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ بەلگىلەنگەن پەلەك ئىچىدە ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە تونۇلمىغان يېڭى بىر چۈشەنچىنى تەقدىم قىلدى. قۇرئان سۆزلىگەن قۇياشنىڭ ئايلىنىشى-يېڭى ئىلىم ئىسپاتلىغاندەك-قۇياشنىڭ سېكونتىغا 250 كىلو مېتىر تېزلىك بىلەن ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىدۇر».

دوكتۇر مورىس بوكاي يەنە سۆزىگە داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« يۇنان پەلسەپىلىرى، رىم قانۇنلىرى، ھىندىستان ھېكمەتلىرى، ئەرىستوتىل ۋە ئەپلاتۇننىڭ نەزەرىيىلىرىدىن يىراق، ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم قالغان جاھالەت ئىچىدىكى بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا، قاقاسلىق سەھرا ھاياتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر زاتنىڭ كائىنات

[1] مۇررىس بۇكاي فرانسىيىلىك مەشھۇر دوختۇر بولۇپ، كىچىكىدىن خرىستىئان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلىپ ئۆسكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى فەيسەل ئىبنى ئابدۇل ئەزىز(1906-1975)نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ مەخسۇس دوختۇرى بولغان. مۇررىس بۇكاي بۇ جەرياندا يەھۇدىي ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى، پىرئەۋن قىسسىلىرىنى ئوقۇپ چىققان. ئاخىرىدا پىرئەۋننىڭ جەسىدىنى تەتقىق قىلىش ئىشىغا ئىشتىراك قىلىپ، مۇمىيالانمىغان 3000يىللىق بىر جەسەدنىڭ ساق-سالامەت تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالغان ۋە قۇرئان كەرىمدىكى« بۈگۈن سېنىڭ جەسىدىڭنى قۇتقۇزۇپ قويىمىز»دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ چىقىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە «ئىنجىل، قۇرئان ۋە ھازىرقى ئىلىم - پەن» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تىللاردىن 17 تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

ىزاملىرى ھەققىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن ھالدا بەدىئىي ئىبارىلەر بىلەن سۆزلىگەنلىكى ئىنسانىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنىڭغا نەزەر سالغان ئىنسان، ئۇ زاتنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات ئەسىرىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىكى مەرىپەتلەرنى قوشۇمچە قىلىش بىلەن بىرگە، ئىلگىرىكى پەلسەپىلەردىن كېلىپ چىققان خاتا قاراشلارغا تۈزىتىش بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كېيىن: «قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجادىيىتى ياكى ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ تەلىماتى» دېيىش ئەقىلغا سىغامدۇ؟

ئەگەر «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجادىيىتى بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ ئەسىرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىرى بويىچە سۆزلىگەن بولاتتى، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەسىرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، سۆزلىگەن ۋاقىتتا ئۇ ئەسىرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىرىنىڭ ئەكسىچە سۆزلەتتى، ئۇ ئەسىردىكى خاتالىقلارنى پاش قىلاتتى.

مانا بۇ ھەقىقەتلەر بىزنى «قۇرئان ئىنسانىيەتنىڭ تەلىماتى ۋە ئىجادىيەتلىرى بولماستىن، بەلكى ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى

بىلگۈچى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر» دېيىشىمىزگە مەجبۇر قىلىدۇ»[1]

(2) زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى

«قۇرئان كەرىم» كىچە، كۈندۈز ھەققىدە ھېچكىم ئىنكار قىلالمىغىدەك ناھايىتى ئوچۇق چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەقىل ـ سەۋىيىسىگە تامامەن ئۇيغۇن كەلگەنىدەك، زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئەسىرلەردىكى ئىنسانلار بايقىيالمىغان كۆپلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا چۈشكەن.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: (كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى (سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە ئايلىنىپ تۇرىدۇ)[2].

(شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنى ۋە

[1] دوكتور مۇرىس بۇكايىنىڭ «ئىنجىل، قۇرئان ۋە ھازىرقى ئىلىم ـ پەن» ناملىق ئەسىرىدىن.

[2] لۇقمان سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەن، كېچە بىلەن كۈندۈزنى يېپىپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدىغان، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغان قىلىپ ياراتقان ئاللاھتۇر)[1].

(ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ. كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە سەير قىلىدۇ)[2].

بۇ ئايەتلەر ئىنسانلارغا كۈندۈزدىن كېيىن كېچىنىڭ، كېچىدىن كېيىن كۈندۈزنىڭ كېلىشىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئۆتمۈشتىكىلەر كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ ئايەتلەردىن ئانچە ھەيرانلىق ھېس قىلمىغان. ئەمما ھازىرقى ئىنسانلار بۇ ئايەتلەردە زېمىننىڭ ئايلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئىنسانلار بايقىيالمىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىنى

[1] سۈرە ئەئراف 54 ـ ئايەت.

[2] سۈرە زۇمەر 5 ـ ئايەت.

تونۇپ يەتتى. ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتلەرنى پەقەت يېقىنقى ئەسىردىلا بايقىدى.

يۇقىرىقى (ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ( دېگەن مەنىدىكى ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىپ، چۈشىنىپ ئوقۇغىنىمىزدا، بۇ ئايەتلەرنىڭ زېمىننىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئوچۇق ئىشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

دېمەك، كۈندۈزنى يوشۇرۇپ، كېچىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە كۈندۈز كېچىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ. كېچىنى ئۆچۈرۈپ، كۈندۈزنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كېچە كۈندۈزنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلىدۇ.

بۇ ئىككى كىرگۈزۈشنىڭ ئوتتۇرىسىدا شار شەكىللىك بىر جىسىمنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز، ئەنە شۇ جىسىم كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ، بىرىنى يەنە بىرىدىن يوشۇرىدۇ. بىرىنىڭ يەنە بىرىنى يېپىشى ئادەتتىكى تۈز شەكىللىك جىسىم بىلەن ھاسىل بولمايدۇ، بۇ پەقەت شار شەكىللىك بىر جىسىمنىڭ ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولىدۇ.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى يېقىنقى دەۋر ئىلىم ئەھلىلىرى ئىشىنىپ، باش ئەگكەن

ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن ھەرگىزمۇ زىتلىشىپ قالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرگەن بولدى.

مانا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىيىتى بولىشى مۇمكىنمۇ؟

يۇقىرىقى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى 14 ئەسىر بۇرۇن «قۇرئان كەرىم» سۆزلىگەن ئىكەن، نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇلارنى شۇ ۋاقىتتىلا ئېلان قىلىپ، ھازىرقى ئەسىردىكىگە ئوخشاش ھەممە كىشى قوبۇل قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرمىگەن؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە ھەرقانداق زامانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەقىل قابىلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېگانە كىتاب. «قۇرئان كەرىم» سۆزلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئۆتمۈشلەردىكىلەرنىڭ ئەقلى ۋە ئىلىم سەۋىيىسىگە مۇۋاپىقلاشقان ۋە ئۇلار بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يۈز بەرمىگەندەك، ھازىر ئىسپاتلانغان ئىلمىي كەشپىياتلار بىلەنمۇ تامامەن ماسلىشىدۇ، تا قىيامەتكىچە شۇنداق ماسلىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەقىل ـ قابىلىيىتى ئىدراك قىلالمىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر كېيىنكى زامانلاردا

چوقـۇم ئوتتۇرىغـا چىقىــدۇ.

- **بەشىنچى: تىببىي دەلىللەر**

(1) ھەسەلنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكى

ئالـلاھ تائـالا «قۇرئـان كەرىـم»دە: (رەببىـڭ ھەسـەل ھەرىسـىگە: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەر) ياسىغان ساندۇقلارغا ئـۇۋا تۈزگىــن. ئانـدىــن كېيىــن، تۈرلـۈك مېۋىلەردىــن يېگىــن، رەببىــڭ (ساڭا) ئوڭايلاشـتۇرۇپ بەرگـەن يولـلاردا يۈرگىــن» دەپ ئىلھـام بـەردى. ئۇنىـڭ قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇخىل رەڭلىك ئىچىملىــك (ھەسـەل) چىقىــدۇ. بۇنىڭدىـمۇ تەپەككـۇر قىلىدىغـان قـەۋم ئۈچـۈن ئىبـرەت بـار)[1] دەيـدۇ.

تارىختىــن بــرى ئىنسـانلار ھەسـەلنىڭ شـىپالىق ئىكەنلىكىنـى ئـۇزۇن يىللىـق ئەمەلىـي تەجرىبىلـرى بىلەن ئىسـپاتلىغان بولسـىمۇ، كۈنىمىزدىكـى زامانىۋىلاشـقان مېدىتسـىنا ئىلمـى سايىسـىدا ئۇنـى قەتئىـي شـەك قوبـۇل قىلمايدىغـان ئىلمىـي ھەقىقەتكە ئايلاندۇرغان. ھەسـەلنىڭ شـىپالىق تەرەپلـرى ناھايىتـى كۆپتـۇر. قىسقىسـى، دوختـۇرلار ئۇنـى كۆپلىگـەن ھەرخىـل كېسـەللەرنىڭ ئىسـتېمال قىلىشـىنى تەۋسـىيە قىلماقتـا. ھەسـەلدە

[1] نەھل سۈرىسى 69 ـ 70 ئايەتلەر.

مىكروبلارغا قارشى ماددىمۇ بولغاچقا ئۇنى كۆيۈكلەرگە، يارىلارغا سۈۋاشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلىمەكتە. مۇندىن باشقا بوۋاقلارنىڭ ئەت ئېلىشى ۋە تەن ساقلىقىنى ساقلىشى ئۈچۈنمۇ ئۇلارغا ھەسەل يېگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلماقتا. تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن بىر جۈپ ئىككى كېزەكنىڭ بىرىگە كۈندە مەلۇم مىقداردا ھەسەل ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبە نەتىجىسىدە، ئىككى ئايلىق مۇددەت ئىچىدە كۈنلۈكى مەلۇم مىقداردا ھەسەل ئىستېمال قىلغان بوۋاقنىڭ ئېغىرلىقى، ھەسەل ئىستېمال قىلمىغان بوۋاقنىڭ ئېغىرلىقىدىن 2 كىلوگىرام ئارتۇق كەلگەن.

(2) بوۋاققا ئانا سۈتىنى ئەڭ ئاز ئىككى يىل ئېمىتىش لازىم ئىكەنلىكىنى دەسلەپ «قۇرئان كەرىم» سۆزلىگەن. تېخى 5 ـ 10 يىل بۇرۇنلا ئۆزلىرى ياساپ چىققان سۈنئىي سۈتنى ماختاپ، «ئەمدى ئانا سۈتىنىڭ كېرىكى يوق» دەپ داۋراڭ سالغان ياۋروپالىقلار، ئەمدىلىكتە، يەن ـ تېخنىكىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، بوۋاقلارغا ئانا سۈتىنى ئەڭ ئاز دېگەندە 1ـ 2 يىل بېرىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە.

(3) تازىلىق، پاكىزلىق مۇسۇلمانلاردا مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بىرى ئەڭ مۇقەددەس سانىلىپ

كەلگەن بىر ئەنئەنە بولسا، ياۋروپادا تېخى 1800 ـ يىللىرىغا كەلگىچە تەرەتخانا، مۇنچا دەيدىغان نەرسىلەرنىڭ يوق ئىكەنلىكى تارىخلاردىن مەلۇم. 1500 ـ يىلى شەرقنى كەزگەن بەزى ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە ھەر بىر ئۆينىڭ مەخسۇس تەرەتخانىسى، مەخسۇس مۇنچىسى بارلىقىنى كۆرۈپ، شەرق تۇغرۇلۇق ئىجابىي ئەسەرلەرنى يازغان ئىكەن.

ئەمما مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ تەربىيىسى بىلەن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ئاز دېگەندە ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مۇنچىغا كىرىشنىڭ، ساقال ـ بۇرۇتلارنى ۋە قول ـ پۇتلارنىڭ تىرناقلىرىنى ھەپتىدە بىرەر قېتىم قىسقارتىپ، تازىلاپ تۇرۇشنىڭ، كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن 5 قېتىم تاھارەت ئېلىپ، ئېغىز، بۇرۇن، قول، پۇت ۋە يۈزلىرىنى 5 قېتىم يۇيۇشنىڭ، گاھىدا پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ غۇسلى قىلىشنىڭ،كىيىم كونا بولسىمۇ، يۇيۇپ چىرايلىق، پاكىز كىيىشنىڭ، ئاممىۋىي پائالىيەتلەرگە، جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلارغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، ئۆزگە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى چېچىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئەنئەنە ۋە ئېسىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

(4) هاراقىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ ئاۋۋال قۇرئان سۆزلىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هاراقىنىڭ ئىچىزى ۋە كۆپى بەرىبىر ئوخشاشلا هارام ۋە تەن ساقلىققا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. هازىرقى پەن تېخنىكىنىڭ سايىسىدا، هاراقىنىڭ زىيىنى ناهايىتى ئېنىق ۋە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانماقتا. هاراقىنىڭ هۈجەيرىلەردە، خۇسۇسەن مېڭە هۈجەيرىلىرىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى زامانىمىزدا ئىلمىي ھەقىقەتكە ئايلانغان. ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنغان هاراقنىڭمۇ، تەسىرى هامان بىلىنمىگەن بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئادەم جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقى ۋە ھەرتۈرلۈك كېسەللىكلەرگە يول ئاچىدىغانلىقىمۇ بىر ئىلمىي ھەقىقەتتۇر. هاراقىنىڭ زىيىنى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشنىڭ هاجىتى يوق، دەپ قارايمەن. چۈنكى ھەركىم ئۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. قىسقىسى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە قانداقلا بىر ناچار ئىللەت ۋە ئەخلاقسىزلىق بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم هاراقىنىڭ بارلىقى بايقالماقتا.

يۇقىرىقى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇنقى زامانلارنىڭ شارائىتىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ئىلمىي كەشپىياتلارنى ئاچىدىغان ئىلىم ـ پەنگە ياكى

ھازىرقىدەك زامانىۋى ئاپپاراتلارغا ئىگە بولمىغان، ساۋاتسىز بىرسىنىڭ بىلەلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق.

- **ئالتىنچى: ئىجتىمائىي دەلىللەر**

(1) باللار ھوقۇقى

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگە كەلگۈچىلىك تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قىز بولۇشى جىددىي بىر ئەيىب ئىدى. يالغۇز ئەرەب يېرىم ئارىلىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ئەللەردە ئەھۋال شۇنداق ئىدى. پەقەت يېڭى دىن (ئىسلام دىنى)نىڭ كېلىشى بۇ ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن:

باللار ھۆردۇر، قىز ـ ئوغۇللار ھۆرمەتتە ئوخشاش تۇغۇلىدۇ ۋە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

باللار مال ـ مۈلۈك ئىگىسى بولالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن كەلگەن ھەدىيەلەر، ياردەملەر ۋە ئۇلارغا ئاتىۋېتىلگەن مال ـ مۈلۈكلەر ئۇلار بالاغەت يېشىغا يېتىپ ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە بولغانغا قەدەر ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىدۇ. كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز قوللىنىلمايدۇ.

باللارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش كېرەك.

باللارنى ئوقۇتۇش ۋە ياخشى تەربىيىلەش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى.

باللارنى 10 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئۇرۇشقا بولمايدۇ.

باللارنىڭ ئۆيلۈك ـ ئۇچاقلىق بولغانغا قەدەر بارلىق چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. كىچىك باللارنى مەئىشەتنىڭ تىرىكچىلىكلىرىگە شېرىك قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

باللارغا زىيانكەشلىك قىلىنمايدۇ.

باللار ئۈچۈن بەددۇئا قىلىنمايدۇ.

باللار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش كېرەك، بىرىنى دەپ باشقىلىرىنى رەنجىتىشكە بولمايدۇ.

دۇنيادا «باللار ھوقۇقى باياننامىسى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ بىر يېڭىلىقى بولدى.

مەلۇمكى، قۇرئاننىڭ باللار ئۈچۈن بەرگەن ھۆرمىتى ۋە ئەھمىيىتى دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر قانۇندا تېپىلمايدۇ. تەبىئىيكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىنى خورلىماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن يەرلىك قانۇنلار ئىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى ئۆي ئىچىگە يارىمايدۇ. قانۇن پەقەت ئاتا ـ

ئانىلارنىڭ يۈرىكىدىن چىقىشى لازىم. بۇ بولسىمۇ، بىر ھېساب كۈننىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىماسلىقنىڭ جازاسىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى بىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

(2) ئاياللار ھوقۇقى

مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ھۆر ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ھەق ـ ھوقۇقىا، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەشكە ئىگە ئىكەنلىكى ئېلان قىلىندى. بۇنى ئىسلام دىنى ئېلان قىلدى.

تېخى مىلادىيىنىڭ 1700 ـ يىللىرى فرانسىيىدە ئاياللارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى ياكى باشقا بىر جىنس ئىكەنلىكى توغرۇلۇق جىددىي تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن.6ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىدا ئاياللار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، قۇل ئورنىدا كۆرۈلەتتى. يەھۇدىي دىنىدا ئاياللار شەيتانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان بولسا، بۇددىزمدا ئاياللار جىن، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلارنىڭ دىنىدا بولسا، ۋابا، كېسەللىك ۋە باشقىمۇ بەختسىزلىكلەر ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلار ئېرى ئۆلگەن ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېرى بىلەن بىرگە كۆيدۈرەتتى. ھازىرمۇ بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ قىسمەن مەزھەبلىرىدە ھۆكۈم

سۈرمەكتە. پەقەت، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار قانۇنىدا، ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بەلگىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپى كۆتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتلارنىڭ شارائىتىدا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە، خۇسۇسەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاياللار مىراس ئورنىدا قوللىنىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قالدۇرغان مال ـ مۈلۈكلەردىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەمما ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا تۆۋەندىكى ھەق ـ ھوقۇقلارنى بەلگىلىدى:



ـ ئاياللار ھۆرمەتتە ۋە ھەق ـ ھوقۇقلاردا ئەرلەرگە ئوخشاشتۇر.

ـ ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى بار.

ـ ئەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يېتەرلىك بولسا ئاياللىغا خىزمەتچى تۇتۇپ بەرگىنى ياخشى.

ـ ئاياللارنىڭ ئېرى ۋە ئاتا ـ ئانىسىدىن مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش ھوقۇقى بار.

ـ ئاياللار قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەركىنلىكى بار.

- ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ئۆزى خالىغان بىرسى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش، ئەگەر بەختلىك بولالمىغان ھالەتتە يېتەرلىك ئۆزۈر بىلەن ئاجرىشىش ھوقۇقى بار.

- ئاياللارنى ئۇرۇپ، تىللاشقا ۋە خورلاشقا بولمايدۇ.

- ئاياللار تۇغۇشنى خالىسا، ئۇلارنى تۇغۇشتىن مەنئى قىلىشقا بولمايدۇ.

- ئاياللارنى پۇل تېپىشقا زورلاشقا بولمايدۇ.

- ئاياللار ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا زورلانمايدۇ.

يۇقىرىقى ھەق-ھوقۇقلار مىلادىيە 6 - ئەسىردە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ياۋرۇپادا ۋە ئىسلام دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئەللەردە، تېخى 18- ئەسىرگە قەدەر بىردەك ئېتىراپ قىلىنماي كەلگەنىدى.

1940- يىللاردىن باشلاپ، دۇنياغا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ئوكسفورد ۋە كامبىرج ئۇنىۋېرسىتېتلىرى قىزلارنىڭمۇ ئوقۇش، ئۆگىنىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتلارغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ % 25 بىلەن % 40 نى قىزلاردىن ئېلىش قارارىنى چىقارغان بولسا، ئىسلام دىنى 6- ئەسىردىلا قىز - ئوغۇللارنىڭ تەلىم ئېلىشتا ئوخشاش

ھوقۇقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، «ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر» دەپ بەلگىلىگەن.

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىغا قارايدىغان بولساق، بۇنداق ھەرقايسى ئەسىرلەرنىڭ شارائىتىغا ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئادالەتلىك ۋە ئېسىل قانۇنلارنى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئاللاھنىڭ ئىلاھىي مەكتىپىدىن باشقا مەكتەپ كۆرمىگەن، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر ئۇممىي (ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن) پەيغەمبەرنىڭ لايىھىلەپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس! بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى ئالاھىدە تەلىم كۆرگەن ۋە بۇ ساھەدە پەۋقۇلئاددە ئەتراپلىق يېتىشكەن ئىنسانلارنىڭمۇ بۇنداق ئېسىل قانۇنلارنى لايىھىلەپ چىقالىشى تەسەۋۋۇردىن يىراق، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا «قۇرئان كەرىم» بەلگىلىگەن بۇ قانۇنلار نەدىن كەلدى؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھتىن كەلدى!

شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلىكلەرنى زامانىمىزغا قىياس قىلىپ چۈشىنىدىغان بولساق، تارىخ پەلسەپىسىگە كۆرە چوڭ خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالىمىز. شۇڭا ھەر قانداق ۋەقەلىك ۋە

ھادىسىلەرنى شۇ زامانلارنىڭ شارائىتىغا ۋە ئىنسانلارنىڭ بىلىم سەۋىيە جەھەتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ چۈشىنىش ئىلىم ئەھلىنىڭ مېتودىدۇر. خۇسۇسەن، تارىخنى يەكۈنلەشتە چوڭ ئاساستۇر. زامانىمىزدا ئاددى سانالغان ئىشلار، ئۆتمۈشتىكىلەر ئۈچۈن چوڭ بىلىملەر ئىدى. ئاددىيسى، زامانىمىزدىكى تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كومپيۇتېر، ئانتېننا، ئىنتېرنېت ۋە باشقىلار تېخى يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە كۆرە مۇمكىن ئەمەس ئىشلاردىن ئىدى. بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى.

زامانىمىزدىكى 6 ـ 7 ياشلىق بالىلار مىكروب ۋە باكتېرىيىلەرنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇلۇغ ئالىم فارابىي ياشىغان زامانلاردا، مىكروب بىلەن باكتېرىيىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىش ئىشىمۇ ئالاھىدە چوڭ بىلىم سانىلاتتى.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسىنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. دۇنيانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلىرى

بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئەرەب مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش مەغلۇبىيەت بولىدىغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇددىست، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خرىستىئانلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: (رىملىقلار يېقىن بىر جايدا (پەلەستىندە) يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ. ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ)[1] دېگەن ۋە ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن رىملىقلار ئىرانلىقلارنى يەڭگەن.

2. مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوق قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلىرىنى قوللىنىدۇ، كۆپ قېتىم سۇيىقەستلەرنى پىلانلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىرىنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ: (ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن

[1] رۇم سۈرىسى 4-1- ئايەتلەر.

(ۋەھيى)نىڭ ھەممىسىنى تولۇق يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، سەن ئاللاھ تاپشۇرغان (پەيغەمبەرلىك) ۋەزىپەڭنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ))[1] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. بۇ ئايەت چۈشكەن ھامان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا: «ئەي خالايىق! بىزدىن يىراق تۇرۇڭلار، بىزنى ئاللاھ ئۆزى قوغدايدۇ» دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە سۇيىقەستلەردىن ئامان قالغان.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى مەككىنى مۇشرىكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. قۇرئان ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىپ: ((ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان، (بەزىلىرىڭلار) چېچىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر)[2] دېگەن ۋە ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىسلام قوشۇنى مەككىنى تىنچلىق بىلەن ئازات قىلغان.

[1] مائىدە سۈرىسى 67ـ ئايەت.

[2] فەتھ سۈرىسى 27ـ ئايەت.

4. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزى ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ: (قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز)[1] دېگەنىدى. قۇرئاننىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 14 ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، قۇرئان ھازىرغىچە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىلمەستىن، شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قۇرئاننىڭ مۇندىن باشقا غەيبتىن بەرگەن ۋە ئەمەلىيەتتە مەيدانغا چىققان خەۋەرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

- **مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى**

مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەر بىر دەۋرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلىكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن

[1] ھىجر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

بىلەن دۇئېل ئېلان قىلغانىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بەلكى دۇئېل ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تىببىي جەھەتتە زور ئاشقان بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان، ھەتتا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ - كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىر خۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى «ئوكاز» بازىرىدا پۈتۈن ئەدىبلەر ۋە شائىرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئاستىدا شېئىر ماھارىتى كۆرسىتەتتى. «ئوكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ

شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر - بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر سۈرەتتى. شۇڭا ئۇلار بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى ، يەنە شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىگە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن پۈتۈن ئىقلىملارنى يورۇتقان، ئىستىلىستىكا ۋە بايان جەھەتتىكى بەدىئىيلىكتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلۈشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب» (تىلى راۋان) باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم» (تىلسىز) دەپ مەغرۇرلانغان

ئاتاغلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۇئېل ئېلان قىلىشى ئېدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.



- **«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئېل ئېلان قىلىدۇ**

«قۇرئان كەرىم» جىمى ئەرەبلەرگە دۇئېل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئېل ئېلان قىلغانىدى. قۇرئان بۇ خۇسۇستا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: «قۇرئان كەرىم» رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قايتا ئۇرۇش چىقىدىغانلىقى ۋە رىملىقلارنىڭ يېڭىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەندە، مۇسۇلمانلار«ھەق ۋە راست» دەپ تەستىق قىلىشتى، ئەرەب، ئەجەم بۇددىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يانداشلىرى بولسا، «بۇ يالغان گەپ، كۆرىمىز قېنى. قايسىمىزنىڭ كۈتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن» دېيىشتى ۋە ئىككى پىرقە بۇ كېلەچەكتىكى ئۇرۇشنى ئىنتىزار بىلەن كۈتتى. ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن

كېيىن، رىملىقلار خۇددى قۇرئاننىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يەڭدى. ئەگەر ئەھۋال «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەندەك بولماستىن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى؟ شەكسىزكى، ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرى يالغان چىقتى» دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت ـ شارائىت هازىرلانغان بولاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان «قۇرئان كەرىم» يالغانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ يېڭى دىن ئەجەلگە يولۇققان بولاتتى. ئەمما خەۋەر بەرگۈچى ئاللاھ تائالا ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەس. 7 يىلدىن كېيىن بولىدىغان سوقۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي ئىشلار ئىستراگىيىسى ساھەسىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ھەربىي قوماندانلارنىڭ ۋە يىراقنى كۆرەلەيدىغان پىلانلىغۇچىلارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش ئىدى.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر تەبىئەت قانۇ-نىيەتلىرىنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان خارىقى ئادەت ئىشلار ئىدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر

ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولغىنىدا، ئۇنى ئىلاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرىگە ھاقارەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جازالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشى كېرەك ئېدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغىنىدا، ئوت ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقتىن ئۇلارنى مات قىلىپ قويدى.



شۇ ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىش ئەمەس، بەلكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش قانۇنىيىتىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ساختا ئىلاھلارنىڭ جازالاشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئېدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتقۇزۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا ئېدى، قەۋمى ئۇنى خۇددى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۈيقەستچى قەۋملەر تۇتالمىغاندەك تۇتالمىغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان سەۋەبلەر بىلەنمۇ ئۇنى ئوتتىن قۇتقۇزالايتتى. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېچىپ قۇتۇلغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان بولسا ئىدى، قەۋمى «ئەگەر بىز ئىبراھىمنى تۇتالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغان ۋە ئوت ئۆچۈپ قالمىغان بولسا،

ئەلۋەتتە كۆيدۈرۈلگەن بولاتتى» دەپ كۆرەلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت دۆۋىسى ئۇنىڭغا تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرەلمىدى، ئۇلار گۇمان قىلغان ئىلاھلار ئۇنى جازالىيالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار «ئىلاھلىرىمىز» دەپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ بىراۋغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ زىيان - زەخمەتلەردىن قوغدىيالمايدىغان ھەيكەللەر ئىكەنلىكى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ (ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇر) دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، ھاسىسى بىلەن ئۇرىۋىدى، دېڭىز سۈيى خۇددى ئىككى چوڭ تاغدەك ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدىن يول ھاسىل بولدى. سۇنىڭ بۇنداق بولىشى ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت بىر ئىش. لېكىن مۆجىزە ئۇنى شۇنداق قىلالىدى. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىدا پىرئەۋن قوشۇنلىرى، ئالدىدا پايانسىز دېڭىز ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئىنسانىي چارىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بىر ۋاقىتتا، قۇتۇلۇشتىن تولۇق ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشىنىڭ چارىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمى» بىز ئەمدى تۈگەشتۇق» دېگەندە، (كَلَّا إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ) يەنى (ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! چۈنكى رەببىم چوقۇم مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا

يـول كۆرسـەتـتـى[1] دېگـەن سـۆزنى تولـۇق ئىشـەنچ ۋە خاتىرجەملىـك بىلـەن ئېيتىـش ئارقىلـىق قۇتۇلـۇش ئىشـىنىڭ ئىنسـانىي سـەۋەبلەردىن ئاللاھ تائالانىـڭ قۇدرىتىگـە يۆتكەلگەنلىكىنـى جاكارلىغـان ئىـدى.

«قۇرئـان كەرىم»نىـڭ يەنـە شـەرىئەت ئەھكاملىرىنـى بەلگىلەشـتىكى مۆجىزىسـىمۇ بـار بولـۇپ، بـۇ «قۇرئـان كەرىـم» ئېلىـپ كەلگـەن قانـۇن - پىرىنسـىپلارنىڭ مۇكەممەللىكىـدە، ئۇنىـڭ زامانلارنىـڭ ئۆتۈشـى بىلـەن كونىراپ قالماستىن ياكى زامانغا ماسلىشالماي قالماستىن ھەر ۋاقىـت ئۆزىنىـڭ ئالاھىدىلىكىنـى ساقلاپ قالغانلىقىدا ئىپادىلىنىـدۇ. چۈنكـى ئاللاھ تائـالا بارلىـق ئىنسـان تەبىقىلىـرى ئارىسـىدا ئادالـەت ۋە باراۋەرلىكنـى ئەمەلگـە ئاشـۇرۇش ۋە ئۇلارنـى ئىككى ئالەملىـك بەختلىـك قىلىـش ئۈچـۈن بەلگىلىگـەن ئىلاھىـي قانۇنـلار ھـەر قانـداق بىـر زامـان ۋە ھـەر بىـر ماكانغـا يارايدىغـان، ئىنسـانلارنىڭ ئەقلىگـە تامامـەن مۇۋاپىـق كېلىدىغـان ۋە ئۇلارنىـڭ ھايـات مۇساپىسـىدىكى چوڭ-كىچىـك پۈتـۈن ئېھتىياجلىرىنـى ھـەل قىلالايدىغـان مۇكەممـەل پىرىنسـىپلار بولـۇپ، بۇنداق بىـر مۇكەممـەل پىرىنسـىپنى تـۈزۈپ چىقىـش ئىنسـاننىڭ قولىدىـن كەلمەيـدۇ. شـۇڭا ئۇنـى مۆجـىزە دەيمىـز.

[1] شۇئەرا سۈرىسى 62- ئايەت.

### • «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلى-رىدىن ئالاھىدىلىكى

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ھېسسىي مۆجىزىلەردىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشەنگەن، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلار-دۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان «قۇرئان كەرىم» زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن كۈچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك ئەقلىي مۆجىزىدۇر. «قۇرئان كەرىم» ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم، ھەر ۋاقىتتا «مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى» دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا روياپقا چىقارغان ئىش-ھەرىكەتلەر ئىكەنلىكىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىش - ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ

خۇددى ئـوت ئىبراھىـم ئەلەيھىسسـالام تاشـلانغان ۋاقىتتـا ئۇنــى كۆيدۈرمىگــەن بولســىمۇ، كېيىــن يەنــە ئۆزىنىــڭ ئەسـلى خۇسۇسـىيىتىگە قايتقىنىغـا، مۇسـا ئەلەيھىسسـالام ئۆتكەنـدە يېرىلغـان دېڭىـز سۇيىنىڭ كېيىـن يەنـە ئەسـلى خۇسۇسـىيىتىگە قايتقىنىغـا ئوخشـاش. ئەممـا سۈپەت ئۇنىـڭ ئىگىسى داۋام قىلغـان مۇددەتكىچە ئۇنىـڭ بىلـەن ھەمىشـە بىرگـە داۋام قىلىـدۇ. بـۇ خـۇددى ئاللاھ تائالانىـڭ كالام (سۆزلەش) سۈپىتىنىڭ ئۇنىـڭ بىلـەن مەڭگۈگە داۋام قىلغىنىغـا ئوخشـاش. چۈنكـى ئـىش ـ ھەرىكـەت ئاللاھ تائالانىـڭ پېئىلـى، ئەممـا كالام ئۇنىڭ دائىمىي سۈپىتىدۇر.

«قۇرئـان كەرىم»نىـڭ بۇرۇنقـى پەيغەمبەرلەرنىـڭ مۆجىزىلىرىدىــن پەرقلىنىــپ تۇرىدىغـان يەنـە بىـر تەرىپـى شۇكى، ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسـىلەن: مۇسـا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسـى ھاسـا بولسـا، دەسـتۇرى تـەۋرات ئىـدى. ئىسـا ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۆجىزىسـى مېدىتسـىنا بولسـا، دەستۇرى ئىنجىـل ئىـدى. ئەممـا مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۆجىزىسـى ئۇنىــڭ دەسـتۇرىنىڭ ئۆزىـدۇر. بـۇ «قۇرئـان كەرىم»دىــن ئىبـارەت ئۇلـۇغ دەسـتۇرنىڭ مۆجـىزە بىلـەن قوغدىلىپ مەڭگۈگە داۋام قىلىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەسـتۇردا ھەمىشــە بولۇشــى ئۈچــۈن ئىــدى. بۇنىڭدىــن مەلۇمكــى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىـڭ كىتابلىـرى شـۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگـە ئامانـەت قىلىنغان ۋە ئـۇلار كىتابلىرىنى چىڭ

ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە ئۇنى چوقۇم ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾[1].

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە داۋام قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بۇرۇنقى ساماۋىي كىتابلارنى قوغداشتىكى ئاجىزلىقلىرىنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنۇتتى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

- **«قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا ئۆزى ساقلاپ كەلمەكتە**

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى قوغداش

[1] ھىجر سۈرىسى 9- ئايەت.

ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كۈچىيىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، «قۇرئان كەرىم»نى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن يابونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقىمۇ مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئەڭ ئېسىل ۋە سۈپەتلىك نەشىر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىلىك مۇسۇلمان ئەمەس بىر شەخس «قۇرئان كەرىم»نى ھۆسنخەت بىلەن بىر بەتكە يېزىپ چىقىشقا ئالدىرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نى نەشىر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك «قۇرئان كەرىم»نى بىرەر ھەرپىگە چاغلىق ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇلارنى

شـۇنداق قىلـدۇرۇش ئارقىلـىق «قۇرئـان كەرىم»نـى ئاللاھ تائـالا ئـۆزى قوغـداپ كېلىۋاتقانلىقىنـى دەلىللەيـدۇ. بۇنىڭدىــن مەلۇمكــى، «قۇرئــان كەرىم»نــى قوغــداپ كەلگەنلــەر ئىســلام دىنىغـا ئەمـەل قىلغۇچـىلار ئەمـەس، بەلكـى ئاللاھ تائـالا ئۆزىــدۇر!

# تۆتىنچى بۆلۈم

# «قۇرئان كەرىم» ۋە بىز



## ◄ بىز قۇرئانغا قانچىلىك ئەمەل قىلىۋاتىمىز؟

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ روھى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دەستۇرى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايەت رەھبىرىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە پرىنسىپى، ئەخلاق ئۆلچىمى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە بارلىق مەسىلىلىرى «قۇرئان كەرىم»گە تايىنىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» بىردىنبىر ئىلاھىي تېكىست، پاك مەنبەدۇر. ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت يول خەرىتىسى سىزىلغان، ئۇلارنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتى كاپالەتكە ئىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى «قۇرئان كەرىم»گە ئەگىشىشكە، ئۇنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىشقا بۇيرۇغان. (سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن

سىلەرگە چۈشۈرۈلگەنگە ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (ساختا) ئىگىلەرگە ئەگەشمەڭلار، سىلەر نەقەدەر ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر!)[1]. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشقا ۋە ئۇنى بىردىنبىر قانۇن قىلىپ ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ((ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، بىز سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەق كىتابنى چۈشۈردۇق)[2]. «قۇرئان كەرىم»گە ئەگىشىش ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر. (بۇ (قۇرئان) بىز چۈشۈرگەن مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە (ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار)[3].

ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدىغان تۈپتۈز يولنى ئىزدىگە ئادەمنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە چىڭ ئېسىلىشى شەرت. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (بۇ (قۇرئان) پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى توغرا يولدا بولۇشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن

[1] ئەئراف سۈرىسى، 3 ـ ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى، 105 ـ ئايەت.

[3] ئەنئام سۈرىسى، 155 ـ ئايەت.

پەقەتلا ئۆگۈتتۇر)[1]. «قۇرئان كەرىم» شۇنداق بىر نۇرلۇق مەشئەلكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانلارنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ، قەلبلەردىكى شەك ـ شۈبھىلەرنى ۋە قاراڭغۇلۇقلارنى يوق قىلىپ تاشلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: (ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھتىن بىر نۇر ۋە روشەن بىر كىتاب كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى نىجاتلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ)[2].

«قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەركىم ئاللاھ تائالاغا بارىدىغان يولنى تاپالايدۇ: (بۇ رەببىڭلاردىن كەلگەن، قەلب كۆزلەرنى ئاچىدىغان بايانلاردۇر، مۆمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر).[3]

«قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۈرگەن ئادەم سىراتۇل مۇستەقىمنىڭ ئۆزىدە ماڭغان بولىدۇ: (ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن كەسكىن دەلىل كەلدى، سىلەرگە ئوپئوچۇق نۇر (قۇرئان)نى چۈشۈردۇق)[4].

[1] تەكۋىر سۈرىسى، 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.

[2] مائىدە سۈرىسى، 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر.

[3] ئەئراف سۈرىسى، 203 ـ ئايەت.

[4] نىسا سۈرىسى، 174 ـ ئايەت.

شۇنداق، «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ ماھىر يولباشچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئەڭ ئاز تىرىشچانلىق بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدۇ. (بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان كىتابنى چۈشۈرگەنلىكىمىز يەتمەمدۇ؟ شەكسىزكى، ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا رەھمەت ۋە ئىبرەت بار)[1].

«قۇرئان كەرىم»نى قويۇپ باشقا يوللار بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىمىز دېگۈچىلەر ئەخمەقلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ئىزدەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى تولۇقى بىلەن «قۇرئان كەرىم»دە بار.



## ◄ قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ ئوقۇش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا توغرا ئوقۇپ، مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ، مەقسەت ۋە غايىلىرىنى بىلىپ، بىزدىن تەلەپ قىلغىنى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن. (ساڭا بۇ مۇبارەك كىتابنى ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ چۈشۈردۇق)[2]. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلارنىڭ

---

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 51 ـ ئايەت.

[2] ساد سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.

«قۇرئان كەرىم» بىلەن بولغان چوڭ ئالاقىسى ئۇنى تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ، ئويلاپ، مەقسەتلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىشنىڭ ۋەسىلىسى قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تېكىستىنى تىلاۋەت قىلىشقىلا كۆپايە قىلىدىغان بولۇپ قالغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: (ئاللاھ قۇرئاننى ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن تۇرسا، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل سانىۋالدى). فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل دەۋالغان». مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ لەۋزى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ ۋە قەد كۆتۈرۈشىنىڭ مەنبەسىدىن مەھرۇم قالغان. ئۇلار شۇنداق قىلىپ يولنى يورۇتىدىغان چىراقنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە، باشقىلارنىڭ سايىسىدا، ئۇلارنىڭ رەھىم ـ شەپقەتكە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان، قەدىر ـ قىممىتىنى ۋە ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئۈممەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئۆتمۈشلەردە دۇنيانى سورىغان سەلتەنەتلىك مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە

باشقىلارنىڭ سەلتەنىتىگە بىقىنىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلارنى ئەسلىدىكى سەلتەنىتىگە ۋە ئىززەت ـ ئابرويىغا ئېرىشتۈرىدىغان سېھىرلىك كۈچ ئۇلارنىڭ قولىدا بار. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىشقا كۆپايە قىلىپ، مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنالماي كەلمەكتە.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنىدىغا يېگانە كىتابتۇر



«قۇرئان كەرىم» مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ئوقۇسا ساۋاب بولىدىغان يېگانە كىتابتۇر. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلۇغلىقى سەۋەبتىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. ‹ئەلىف، لام، مىم› نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى ‹ئەلىف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ، ‹مىم› بىر ھەرپتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تىلاۋەت قىلغانغا ساۋاب ۋەدە قىلىنمىغان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىمۇ ئوقۇغانغا ساۋاب ۋەدە قىلىنغان ئەمەس، پەقەت ئەمەل قىلغان ساۋاب بېرىلىدۇ.

[1] تىرمىزى رىۋايىتى.

## ◄ قۇرئان ئوقۇشتىن ئاساسلىق مەقسەت ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتۇر

قۇرئان ئوقۇغانىنىڭ پايدىسىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرەي دېگەن ئادەم چوقۇم ئۇنى ئۇنىڭدىن تەسىر ئالغۇدەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تىلاۋەت قىلىشى كېرەك. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ھەممىدىن بەك قۇرئانىنىڭ تەسىرىگە مۇھتاج. ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىلى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش قارىتىش مۆجىزىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى تەۋەلىرىنى قۇرئاننى ئاڭلاپ قېلىشتىن توسقان. بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھاياتىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان دەرىجىدىكى زور تەسىرىگە ئېرىشەلمەستىن، ئۇنى قانچىلىك كۆپ تىلاۋەت قىلساقمۇ ئۇنىڭدىن كۆزلىگەن پايدىنى ئالالمايمىز. چۈنكى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىرى ئىدى. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشتىن بىرىنچى مەقسەت ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتىن ئىبارەت بولىشى لازىم.

قۇرئاننىڭ تەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئاز بولسىمۇ ھەر كۈنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشنى ئادات قىلىش، تىلاۋەت قىلغاندا، تىنچ ئورۇننى تاللاپ، ئۆزگە

ئاڭلانغۇدەك مىقداردا ئاۋازنى چىقىرىپ، ئالدىرىماي، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇش لازىم. ئىمكانىقەدەر قۇرئاننى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇش تولىمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھېسسىياتنى ئۆرلىتىش، دىلنى يۇمشىتىش رولىغا ئىگە. بىرەر ئايەتتىن تەسىرات ھاسىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، شۇ ئايەتنى قايتا-قايتا ئوقۇشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر. ئەگەر ئۇلارغا مەغپىرەت قىلساڭ، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن)[1] دېگەن ئايەتنى تەھەججۇد نامىزىدا بىر كېچە تەكرارلاپ چىققانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

قۇرئاننى ئوقۇش، يادلاش، مەنىسىنى چۈشىنىش، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ھەم ئەمەل قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سائادەتمەنلىرى ۋە ئەڭ سەرخىللىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

## ◄ مۇسۇلمانلارنىڭ شان – شەرىپى قۇرئان بىلەندۇر

[1] مائىدە سۈرىسى 118-ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپىنىڭ ۋە ئىززىتىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان- شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان) نى چۈشۈرۈپ بەردۇق. سىلەر تېخىچە ئەقىل ئىشلەتمەمسىلەر؟)[1].

ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار بارچە كۈچىنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئالغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ نېمە مەقسەت بىلەن چۈشكەن كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ئۈچ قىتئەگە يېتەلىگەن. ئۇلار دۇنيادا ئادالەت بىلەن ھەققانىيەتنى ئومۇملاشتۇرغان ئىدى.

ئەمما ئەپسۇسكى، ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىن كېيىنكى ۋە ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا «قۇرئان كەرىم» ھازىر ۋە غائىب ھالەتتە بولۇپ قالغان. ھازىر دېگىنىمىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا، قارىيلارنىڭ دىلىدا بار ئىكەنلىكىنى، غائىب دېگىنىمىز «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىشنىڭ يوقالغانلىقىدىن ئۇنىڭ

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 10 ـ ئايەت.

روھىنىڭ، مۆجىزىسىنىڭ ۋە ھاياتتىكى باشلامچىلىق رولىنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا يوقالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز مۇسۇلمانلار قۇرئان ئوقۇپ ساۋاب تېپىشقا كۆپايە قىلىپ، ئۆزىمىزنى چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلغانلار قاتارىدا ساناپ كېلىۋاتىمىز.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مۇنداق دېگەن: «بىز قۇرئاننى ھاياتىمىزدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرىشىمىز لازىم. ئەمما ئۇنى ئۆيلەردە، دۇكانلاردا ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ساقلاپ تەۋەررۈك قىلىشقا ياكى قۇرئاننى ئېچىپ بىر ياكى ئىككى ئايەت ئوقۇپلا يېپىپ قويۇشقا بولمايدۇ»[1].



توغرا، قۇرئاننى ئوقۇپ قويغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، مەسىلە ھەل بولمايدۇ ۋە مەقسەت ئادا بولمايدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى«تىلاۋەت» سۆزى «تَلِى، يَتْلُو» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، مەنىسى داۋاملاشتۇرۇش، ئارقىسىدىن يۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەرەب تىلىدا، بىراۋ يەنە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغاننى «يتلو» دەيدۇ. دېمەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەن بىر قانچە ئايەت ياكى بىر قانچە سۈرىنى ئوقۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئوقۇغانىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، روھىغا ئەمەل قىلىشنى

[1] «قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟» ناملىق ئەسەر، 59-بەت.

داۋاملاشتۇرۇش، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن توختاپ قالماسلىق دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام ھەسەن بەننا مۇنداق دېگەن: «قۇرئان يۇقىرى ئۇپۇقتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش ياكى مازار بېشىدا ئوقۇش ياكى مۇسىبەتلەردە تىلاۋەت قىلىش ياكى قارىيلارنىڭ دىلىدا، ياكى كىتاب ھالىتىدە ساقلاش ياكى ئۆزىنى يادلاپ ئەھكاملىرىنى تاشلاپ قويۇش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەتنى بەختلىك ياھاتقا باشلاش ئۈچۈن چۈشكەن كىتابتۇر. (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ)[1].

«ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى ۋە قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ مەنبەسى، قەلبىنىڭ نۇرى، ئىبادەتلىرىنىڭ ئاساسلىقى قىلىۋالغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەلبىنى ئاچقان، ئۇنىڭ

[1] مائىدە سۈرىسى16 ـ 15 ـ ئايەتلەر.

ئۇلۇغۋار ھەۋزى كەۋسەردىن قانغۇچە ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن روھىنى سۇغۇرغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ سەلتەنىتىنى ئاتا قىلغان. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرنى ۋەدە قىلغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇلارغا ئوخشاش بولالمىدۇق، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلالمىدۇق. بۇ سەۋەبتىن ھازىرقى ھازىرقى ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئاجىز، دىنىي ئىشلاردا زەئىپ بولۇپ قالدۇق»[1].

## ◄ ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە تۇتقان پوزىتسىيەسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى «قۇرئان كەرىم»گە يۈرىكىدىن بېرىلەتتى، ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ تىلاۋەت قىلاتتى ۋە ئۇنى ئاڭلىغاندا ئىمانى كۈچىيەتتى. ئۇلار مۇنۇ ئايەتلەردىكى ئېسىل سۈپەتلەرگە سازاۋەر كىشىلەر ئىدى: (ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تايىنىدىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر)[2]، (مۇئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (چۈشۈرۈلگەن ھەربىر

[1] «نەزەرات فى كىتابىللاھ» ناملىق ئەسەرنىڭ 34 ـ بېتىدىن.

[2] ئەنفال سۈرىسى، 2 ـ ئايەت.

سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ئۇلار بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ)[1].

سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ياكى بىلىم ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئوقۇمايتتى. بەلكى ئۆزۈقلىنىش، ئەمەل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەر قوماندانىدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغاندەك تاپشۇرۇپ ئالاتتى. شۇڭا ئۇلار كۈندىلىك ئالىدىغان تەلىملىرىدە زىيادىنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار كۈندىلىك ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە ئىجرا قىلىپ ماڭغانلىقتىن، ئۈستىلىرىگە كۆپ تەكلىپلەرنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىۋېلىپ ئەمەل قىلالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ــ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇنىڭ رىۋايەت قىلغىنىدەك[2] ــ ئون ئايەتنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە ياتلاپ، ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن باشقىسىغا يۆتكىلەتتى.

ئۇلارنىڭ قۇرئان ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىش مەقسىتى

[1] تەۋبە سۈرىسى، 124 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى كەسىر تەپسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە نەقىل قىلغان.

بىلەن قوبۇل قىلىشىنى ئۇلار ئۈچۈن نورغۇنلىغان ھالاۋەت ئۇيۇقلىرىنى ئېچىپ بېرەتتى. ئۇلار قۇرئاننى ئىزدىنىش، مەلۇمات ئىگىلەش نىيىتى بىلەن ئوقۇغان بولسا، بۇنداق ھالاۋەت ئۇيۇقلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئېچىلمىغان بولاتتى. قۇرئان ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي دەستۇرىغا ئايلانغان ئىدى. قىسقىسى «قۇرئان كەرىم» خۇددى ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئاققان قانغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ھايات ساھەلىرىدە ئۆز رولىنى كۆرسەتكەن ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەزىنىسى پەقەت ئۇنىڭغا تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن يۈزلەنگەن ئادەمگىلا بېرىلىدۇ.

چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئوقۇپ كۆڭۈلنى خوش قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب ئەمەس ياكى ئەدەبىيات ياكى تارىخ كىتابى ئەمەس. بەلكى ئۇ ھاياتلىقنىڭ دەستۇرى بولۇش ئۈچۈن چۈشكەن كىتابتۇر»[1].

«قۇرئان كەرىم» ساھابىلەرنىڭ ھاياتىدا ئۇلارنىڭ ئەقلىگە، ۋىجدانىغا ۋە ئەخلاقىغا ئەڭ زور تەسىر قىلىدىغان بىردىنبىر تەسىر مەنبەسى ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئۆزىنى، ئەقىدىسىنى، ئەخلاقىنى ۋە بىر پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك

[1] يولدىكى ئىشارەتلەر (مەئالىم فىتتەرىق). 12 ـ 11 ـ بەتلەر.

ئېغىزىدىن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئاڭلىغانلىرىدا، ئۇلاردا چوقۇم ئۆزگىرىشلەر بولاتتى، ۋىجدانى ھەرىكەتكە كېلەتتى، ئەقلى ئويغىنىشقا، ئەخلاقى ئۆزگىرىشكە باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچلىنىپ كېتەتتى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق قىسسىسى «قۇرئان كەرىم» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئوخشاش «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغانلىرى كۆپ ئىدى.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى مەدىنىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشقا ئەۋەتكىنىدە، ئۇنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى كىشىلەرگە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ بېرىش بولغان ئىدى. مەدىنە ئەھلى مۇسئەبنىڭ تىلاۋىتى سايىسىدا مۇسۇلمان بولغان ۋە ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىگە ئېلىپ بېرىش باغرىغا بېسىش ئارزۇسىدا ياشىغان.

ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان ئىدى. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئەخلاقىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەرزىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇ ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ شەخسىي ھاياتىدا، ئائىلىۋى

ھاياتىدا، ئىجتىمائىي ھاياتىدا، ئىقتىسادىي ھاياتىدا، ئەدەبىي ھاياتىدا، سىياسىي ھاياتىدا ئۆز تەسىرىنى تولۇق كۆرسەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار «قۇرئان ئۈممىتى» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. دۇنيا خەلقى ئۇلارغا قايىل بولغان، ھەممەئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتقان. نەتىجىدە ئۇلار دۇنيانىڭ ئۈچ قىتئەسىدە ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن. چۈنكى ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ جەۋھىرىي تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرەتتى، يەنى ئۇلار قۇرئانغا شەكلىي ياكى زاھىرىي جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى جەۋھىرىي تەرەپتىن ئەگىشەتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى تەتبىق قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنەتتى، ئۆگەنگەن ئايەتلىرىنى تولۇق ھاياتلىققا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن باشقىسىنى ئۆگىنەتتى. ئىسلام خەلىپىلىرى ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك قوماندانلارمۇ بىراۋ قۇرئان ئايەتلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارشى چىققاندا سۈكۈت قىلاتتى ۋە ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا بوي ئېگەتتى. بىر قېتىم ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا بىر سەھرالىق ئەرەب ئەدەپسىز گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن. شۇ ۋاقىتتا بۇ سەھرالىق ئەرەبنىڭ بىر ھەمراھى ئۆمەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ((ئى پەيغەمبەر!) ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن ۋە نادانلار بىلەن تەڭ

بولمىغىن)[1] دېگەن سۆزىنى تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆمەر تەبەسسۇم قىلغان. يەنە بىر قېتىم ئۇ مەسجىدتە ئاياللارنىڭ مەھرىنى ئۆرلىتىۋاتماسلىق توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقاندا، بىر ئايال ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۇلارنىڭ بىرىگە(مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار» دېگەن سۆزىنى تىلاۋەت قىلغاندا، ئۆمەر «ئايال توغرىسىنى تاپتى، ئۆمەر خاتالاشتى» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى قالدۇرغان. ھەججاج ئىبنى يۈسۈپ زالىملىقى ۋە رەھىمسىزلىقى بىلەن تونۇلغان مۇسۇلمان قوماندان ئىدى. ئۇ بىر كۈنى بىر گۇناھسىز ئادەمنى باشقا بىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك قولغا ئالغان. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ھەججاج ئۇنىڭغا بىراۋنى تۇغقانلىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك جازالىسا بولىدۇ، دېگەننى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلارنى ئوقۇغان ۋە ئۇنى سۆكۈت قىلدۇرماقچى بولغان. بۇ ۋاقىتتا بۇ ئادەم «قۇرئان كەرىم» دىكى: ((يۈسۈف): «ئاللاھ ساقلىسۇن! بىز نەرسىمىزنى كىمنىڭ يېنىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى)[2] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھەججاج بۇ

[1] ئەئراف سۈرىسى 199 ـ ئايەت.

[2] يۇسۇف سۈرىسى، 79 ـ ئايەت.

ئادەمنى قويۇپ بەرگەن.

«قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادلىۋالغان قارىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋە ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەردىن سانىلاتتى، ئۇلار خەلىپىلەرنىڭ كېڭەشلىرىگە قاتنىشاتتى، جىھاد مەيدانلىرىدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى. يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىت بولغانلارنىڭ كۆپ قىسمى قارىيلار ئىدى. قارىيلار «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس نۇرنى دىلىدا ساقلىغانلىقى سەۋەبلىك شۇنچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئەقلىنى يورۇتىدىغان، يولىنى كۆرسىتىدىغان، ھاياتىنى پارلاق قىلىدىغان بىردىنبىر نۇر ئىدى. (ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز چۈشۈرگەن نۇرغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار)[1] دېگەن ئايەتتىكى نۇر دەل «قۇرئان كەرىم» ئىدى.

## ◄ ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە تۇتقان پوزىتسىيەسى

ھازىرقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»گە شەكلىي ياكى زاھىرى تەرەپتىنلا كۆڭۈل بۆلمەكتە. ئۇلار

[1] تەغابۇن سۈرىسى، 8-ئايەت.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلاۋىتىگە ۋە ئۇنى يادلاشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتتا تەتبىقلاشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھازىرقى زاماندا يۈز مىڭلارچە مۇسۇلمان «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىدۇ، مىڭلارچە ياش «قۇرئان كەرىم»نى يادلىماقتا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلىرىنى، ئىشخانىلىرىنى ۋە ماشىنىلىرىنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن زىننەتلىمەكتە. يەنە نۇرغۇنلىرى «قۇرئان كەرىم»نى ماشىنىسىدا ياكى يانچۇقىدا ساقلاش ئارقىلىق ئۇنى تەۋەررۈك قىلماقتا. بەزى جايلاردا، ھەتتا سەئۇدى ئەرەبىستاندەك بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە «ئايەت بىلەن داۋالاش مەركەزلىرى» ئېچىلماقتا. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ رادىيو، تېلېۋىزىيەلىرى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن باشلىنىپ، يەنە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن يېپىلىدۇ، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە مەخسۇس «قۇرئان كەرىم» رادىيوسى بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» شۇنچىلىك كۆپ تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرماقتا.

ئەمما ئەپسۇسكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان، ئۇنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمىگەن، ئۇنىڭ چۈشۈرۈلۈشىدىن بولغان ئاساسىي مەقسەتنى ئورۇندىمىغان، ئۇنىڭ جەۋھىرى تەرىپىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، پەقەت زاھىرىي

تەرىپىگىلا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئاچالمايدىغان، قەلبىگە تەسىر قىلالمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئىسلام ئۈممىتى «قۇرئان كەرىم» بىلەن شەرەپلەنگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتۈرگەن ئۈممەت بولۇپ، بىزمۇ ــ ئەگەر ئەمەل قىلساق ــ شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتىرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىنىڭ ئەھۋالى پەقەت ئالدىنقىلىرىنىڭ ئەھۋالى تۈزۈلگەن نەرسە بىلەنلا تۈزۈلىدۇ»[1].

«قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئېلىپ «قارىي» بولۇش ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر. ئەمما ئۇنى يادلاپ قويۇش بىلەن، يىلدا رامىزان ئېيىدا تەراۋىھ نامىزىدا خەتمە قىلىپ قويۇش كۇپايە ئەمەس. ئەرەبلەر «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئېلىپ، مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قانۇن ــ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئۇنى تىلى، دىلى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياشناتقان ئادەمنى «ھامىلۇل قۇرئان» يەنى «قۇرئاننى كۆتۈرگۈچى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كۆتۈرۈش قۇرئاننى يادلاپ مېڭىدە ساقلاپ نەگە بارسا شۇ يەرگە كۆتۈرۈپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇ قۇرئاننىڭ تېكىستىنى، مەنىسىنى،

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قانۇن – پرىنسىپلىرىنى، ئەخلاق – پەزىلەتلىرىنى ئەمر – پەرمانلىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئاۋۋال ئۆزىگە يەرلەشتۈرۈپ، ئاندىن كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، ئۇلارغا ئۆگىتىش دېگەنلەرنى تەقەززا قىلىدىغان كۆتۈرۈشتۇر. بۇ كۆتۈرۈش قۇرئاننى يادلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆگەنمىگەنلەرنى ياكى ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى «ھامىل ئەل قۇرئان» دېگەن ئۇنۋان كاتتا ئۇنۋان بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ «قارىم»، «قاراخۇنۇم» ۋە «قارىھاجىم» دېگەن ئۇنۋانلىرىمىزدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن تۇمار قىلىپ بويۇنلارغا ئېسىۋېلىش، كېسەللىكلەرنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن داۋالاش دېگەنلەر ساھابىلەرنىڭ زامانىدا بولۇپ باقمىغان غەلىتە ئىشلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سابىت بولغىنى كېسەللەرگە: «ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى! كېسەلگە شىپالىق بەرگىن، سەندىن باشقا شىپالىق بەرگۈچى يوقتۇر، سېنىڭ شىپايىڭ بىلەن كېسەل قالمايدۇ» دەپ دۇئا قىلىشنى، فاتىھە، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئاللاھ تائالادىن شىپالىق تىلەش قاتارلىقلاردۇر. ئەمما ساھابىلەردىن ياكى ئۇلاردىن كېيىنكىلەردىن كېسەللەرنى ئايەت بىلەن داۋالاش ئۈچۈن شىپاخانا ئاچقانلار بولمىغان. توغرا، «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىق

كېسەللىكلىرىگە شىپادۇر. ئەمما جىسمانىي كېسەللەردىن شىپا تېپىشنىڭ چارىسى دوختۇرغا مۇراجىئەت قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شىپالىق پەقەت ئۈچ نەرسىدىدۇر. ئۇلار: ھەسەل يېيىش، قان ئالدۇرۇش ۋە داغلاشتۇر»[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالدىم دەپ كەلگەن بىرىنى ئايەت ئوقۇپ سۈپلەشكە ياكى سۇغا ئوقۇپ ئىچىشكە ياكى تۇمار ئېسىشقا بۇيرۇغان ئەمەس. بەلكى كېسەللەرنى تېۋىپلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇ ۋاقىتتا مەدىنىدە ھارىس ئىبنى كەلدە ئىسىملىك بىر تېۋىپ بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن كېسەل بولۇپ قالغانلارنى شۇ تېۋىپقا بېرىشقا بۇيرۇيتتى. مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»دىكى: (بۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر)[2] دېگەن ئايەت «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەرگە شىپا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئوچۇقراق قىلىپ: (ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن بىر ئۈگۈت بولغان، دىللاردىكى (كېسەللىكلەر) ئۈچۈن شىپا بولغان، مۆئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان قۇرئان كەلدى)[3] دېيىلگەن. دېمەك، «قۇرئان

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى، 44 ـ ئايەت.

[3] يۇنۇس سۈرىسى، 57 ـ ئايەت.

كەرىم»نىڭ شىپالىقى ئالدى بىلەن مەنىۋى شىپالىق بولۇپ، دىللاردىكى شەك ـ شۈبھە، نادانلىق، ئازغۇنلۇق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ.

ئەگەر ئاۋۋالقى ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار كېسەللىرىنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن داۋالاش يولىنى تۇتۇپ، سەۋەب قىلمىغان بولسا، ئىسلام ھەزارىتىدە تېبابەتنىڭ ئورنى بولمىغان ۋە دۇنياغا مەشھۇر مۇسۇلمان مېدىتسىنا ئالىملىرىمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولار ئىدى. ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلاردىن چىققان ئالىملارنىڭ تولىسى دىن ۋە پەن ھەر ئىككى جەھەتتىن يېتىشكەن كىشىلەر ئىدى. مەسىلەن: ئىبنى رۇشد دىنىي ئىلىمدە يېتىشكەندەك دوختۇرلۇقتىمۇ يېتىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي ئىلىم ساھەسىدە «بىدايەتۇل مۇجتەھىد» دېگەن كىتابى، مېدىتسىنا ئىلمىدە «مېدىتسىنادا ئاساس» ناملىق كىتابى دۇنياغا تونۇلغان. ئاتاغلىق مۇپەسسىر فەخرىددىن رازى ئەينى ۋاقىتتا مېدىتسىنادا پېشۋا ئىدى، ئىبنى نەفىس مېدىتسىنادا قان ئايلىنىش مەركەزلىرىنى كەشىپ قىلغان بولسا، دىنىي ئىلىملەر ساھەسىدە شافىئىي فىقھىدا مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. چۈنكى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەرىكىتى ئۇنى سۇغا ئوقۇپ ئىچىش ياكى كېسەلگە سۈپلەش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھىغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ھاياتىغا

تەتبىق قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. كاشكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار بۇنى چۈشەنسە ئىدى.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» قەد كۆتۈرۈش كىتابىدۇر

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» قەد كۆتۈرۈشنىڭ، دۇنيادا ئەزىز ياشاشنىڭ، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ كىتابىدۇر. چۈنكى ئۇ كۆر-سەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ ئىككى ئالەملىك بەخت – سائادەتلىك بولۇش ئۇچۇن چۈشۈرۈلگەن بىردىنبىر ئىلاھىي كىتابتۇر. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ۋەھىي يولى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ساماۋىي كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىملىق مۆجىزىسىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئاۋۋالقىلارنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇلارنى ئاجىزلىقتىن قۇدرەتكە، پېقىرلىقتىن بايلىققا، خارلىقتىن ئەزىزلىققا، مەھكۇملۇقتىن ھاكىملىققا ئېلىپ چىققان ئۇلۇغ دەستۇردۇر. «قۇرئان كەرىم» خۇددى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي ئېيتقاندەك

« ھاياتىمىزدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم بولغان كىتاب بولۇپ، ئۆيلەردە، دۇكانلاردا ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ساقلاپ تەۋەررۈك قىلىش ياكى بىر ياكى ئىككى ئايەت ئوقۇپلا بولدى قىلىدىغان كىتاب ئەمەستۇر». ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئەھمىيىتى ناھايىتى ياخشى بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى، قەلبىنىڭ نۇرى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ئىبادەتنىڭ گۈلى قىلغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەلبىنى ئاچقان، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ھەۋزى كەۋسىرىدىن قانغۇچە ئىچكەن. شۇنىڭ بىلەن روھىنى سۇغۇرغان. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ سەلتەنىتىنى ئاتا قىلغان. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرنى ۋەدە قىلغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇلارغا ئوخشاش بولالمىدۇق. بۇ سەۋەبتىن ھازىرقى ھالىمىزغا يېتىپ قالدۇق.

## ◄ قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

قۇرئان ئوقۇشتا ۋە ئۇنى ئاڭلاشتا ساناپ بولغۇسىز ھۇزۇر- ھالاۋەت بار. ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالا ماڭا خىتاب قىلىۋاتىدۇ دېگەن ھېس- تۇيغۇغا كېلەلىگەن

ئادەملا بايقىيالايدۇ. مەسىلەن: (زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن)[1] (نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىن)[2] (بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن)[3] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ئادەم بۇ سۆزلەرنى ئاللاھ تائالا ماڭا قارىتىپ سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا تەلەب قىلغان بويىچە بولىۋاتامدۇ ياكى ئەكسىچە كېتىپ بارامدۇ؟ بۇنى بىلىدۇ ۋە ئۆزىنى ھەم ئەھۋالىنى بۇ ئايەتلەردە بۇيرۇلغان بويىچە توغرىلايدۇ.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ (رەببىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟)[4] (زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن)[5]دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىنى ئورۇندىغان ئادەم «قۇرئان كەرىم»نىڭ پايدىسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرگەن بولىدۇ.

---

[1] لۇقمان سۈرىسى18 ـ ئايەت.

[2] ساد سۈرىسى26 ـ ئايەت.

[3] شۇرا سۈرىسى15 ـ ئايەت.

[4] فۇرقان سۈرىسى45 ـ ئايەت.

[5] قەسەس سۈرىسى40 ـ ئايەت.

## ◄ ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم»گە قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟

مەرھۇم سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ياكى بىلىم ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئوقۇمايتتى. بەلكى ئورۇنلىنىش، ئەمەل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيتتى.

توغرا، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەر قوماندانىدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغاندەك تاپشۇرۇپ ئالاتتى. شۇڭا ئۇلار كۈندىلىك ئالىدىغان تەلىملىرىدە زىيادىنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار كۈندىلىك ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە ئىجرا قىلىپ ماڭغانلىقتىن، ئۈستىلىرىگە كۆپ تەكلىپلەرنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىۋېلىپ ئەمەل قىلالماي قېلىشلىرىنى ئەنسىرەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار —ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇنىڭ رىۋايەت قىلغىنىدەك[1]— ئون ئايەتنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە ياتلاپ، ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن باشقىسىغا يۆتكىلەتتى.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»دىن نەپ ئېلىشنىڭ شەرتلىرى

«قۇرئان كەرىم» مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان،

[1] ئىبنى كەسىر تەپسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە نەقىل قىلىنغان.

قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان بىر كىتاب تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ مۆجىزىلەرنى بىزدە يارىتالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ قەلبىمىزنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ساھابىلەرگە ئوخشاش قىلىۋېتەلمەيدۇ؟

«قۇرئان كەرىم» بىزنىمۇ خۇددى ساھابىلەرنى ئۆزگەرتكەندەك ئۆزگەرتىشكە ۋە بىزدىمۇ خارىقى ئادەتلەرنى يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىر. ئەمما ئۇنىڭ بىرلا شەرتى بار. ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە خۇددى ساھابىلەر مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغىنىدەك قوبۇل قىلىپ ئىجرا قىلىدىغان ھالەتكە كېلىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق ھالەتكە كېلىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى قەلبىمىزنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى بىلەن تولۇشىدۇر. بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى ھەممىنى بېسىپ كېتىدىغان بىر تۇيغۇغا ئايلانغىنىدا، «قۇرئان كەرىم» چوقۇم بىزگە تەسىر قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا (سەن مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن)[1]

[1] قاف سۈرىسى45 ـ ئايەت.

دەپ بۇيرىغان. بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. بەقەرە سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەتتىلا بۇ شەرت ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن: (بۇ كىتابتا ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر)[1] (قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت (ئاللاھتىن) قورقىدىغانلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن چۈشۈردۇق)[2].

قۇرئان شۇ قۇرئاندۇر. لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى دىللارنىڭ سۈزۈكلىكىگە ۋە قوبۇل قىلىشتىكى ئەھۋالىغا قاراپ بىر خىل بولمايدۇ. (ئېيتقىنكى، بۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر. ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا (قۇرئانغا قارىتا) بىر ئېغىرلىق بار، (ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمىگەنلىكتىن) ئۇ (قۇرئان) ئۇلارغا نىسبەتەن بىر قاراڭغۇلۇقتۇر)[3].

«قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىشتىن مەقسەت ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان قەلبنىڭ ئويغاق ۋە سەگەك بولۇشى شەرت. (بىز ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە) شېئىر ئۆگەتمىدۇق، ئۇنىڭغا (شېئىر) مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ يەتكۈزۈۋاتقىنى پەقەت

[1] بەقەرە سۈرىسى2 ـ ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى3 ـ 2 ـ ئايەتلەر.

[3] فۇسسىلەت سۈرىسى44 ـ ئايەت.

(قەلبى) تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىكلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن چۈشكەن) ۋەز – نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر)[1].

ئىسلام شائىرى مەرھۇم مۇھەممەد ئىقبال «قۇرئان كەرىم»نى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «قۇرئان كىتابلا ئەمەس، بەلكى ئۇ قەلبكە كىرسە، ئىنسان ئۆزگىرىدۇ، ئىنسان ئۆزگەرسە، دۇنيا ئۆزگىرىدۇ.»



### ◄ مۇسۇلمانلاردا كەم نەرسە ئىلىم- مەرىپەت ئەمەس، بەلكى ئىمان

ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئوقتەك تەرەققىي قىلىشى سايىسىدا، ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلاردىكى كەم نەرسە ئىلىم-مەرىپەت ياكى ئىسلامىي ئۇچۇرلار ئەمەس، بەلكى كەم نەرسە ھەقىقىي ئىمان بىلەن ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى يېڭىپ چۈشىدىغان مەنىۋى قۇۋۋەتتۇر.

مۇسۇلمانلار جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولى شەخسلەرنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىنىدۇ. شەخسلەرنى ئىسلاھ قىلىش ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمىدۇر. بۇنىڭدىن ئائىلىدىكى

[1] ياسىن سۈرىسى70 ـ 69 ـ ئايەتلەر.

ئىسلام تەربىيىسىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلارغا ئاسماندىن بىرەر مۆجىزە ياكى غايىبانە بىر كۈچ كېلىپ، ئۇلارنى بۇ پاتقاقتىن چىقىرىپ قويمايدۇ. بەلكى ئۆزلىرى تىرىشىپ، تىرمىشىپ چىقىدۇ.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» ئىماننىڭ مەركىزىي نوقتىسىدۇر

زامانىمىزدىكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ چوڭ كىرىزىسى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبىنى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن كۆرۈش مۇبالىغە قىلغانلىق بولمايدۇ. بىز ئىمانىمىزنى كۈچلەندۈرمەي تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرەلمەيمىز، قەد كۆتىرەلمەيمىز ۋە بېشىمىزغا كەلگەن تەلەيسىزلىكلەردىن قۇتۇلالمايمىز. چۈنكى ئىسلام مىللىتى ئىماننىڭ كۈچى بىلەن بارلىققا كەلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتۈرگەن مىللەت بولۇپ، بىزمۇ شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتىرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇممەتنىڭ ئاخىرىنىڭ ئەھۋالى پەقەت ئالدىنقىلىرىنىڭ ئەھۋالى تۈزۈلگەن نەرسە بىلەنلا تۈزىلىدۇ».[1]

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىماننى كۈچەيتىشنىڭ چارىلىرى ۋە سەۋەبلىرىمۇ كۆپ. مەسىلەن: تائەت-ئىبادەتنى خالىس قىلىش، قۇرئاننى قائىدىسىگە ئويغۇن رەۋىشتە تىلاۋەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش يولىدا ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش قاتارلىقلار ئىماننى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئىماننى كۈچەيتىش چارىلىرى ئىچىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئالدىنقى ئورۇندا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تايىنىدىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر)[1].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ قەلبلەرگە بېرىدىغان تەسىر كۈچى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ھېچقانداق مەنبە ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتكە چۈشەلمەيدۇ. دۇنيادا ئىنسانلارنى ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە باشقا تەرەپلەردىن پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتاب كۆرۈلگەن ئەمەس. «قۇرئان كەرىم» ئۆز ۋاقتىدا، پىكىر ۋە ئېتىقادتا خۇراپاتقا چۆكۈپ كەتكەن، ئىجتىمائىي تەرەپتىن ئىنتايىن تارقاق، سىياسىي جەھەتتىن ئۇرۇشقاق، قىساسخور، ھەتتا مىللەت قاتارىدىن سانالمايدىغان ئەرەبلەرنى تەربىيىلەپ، ئۆزگەرتىپ، دۇنياغا ئادالەت، رەھىم-شەپقەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدىغان، گۈزەل

[1] ئەنفال سۈرىسى2-ئايەت.

ئەخلاقى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن ئىدى

ئىسلام شائىرى مەرھۇم مۇھەممەد ئىقبال «قۇرئان كەرىم»نى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «قۇرئان كىتابلا ئەمەس، بەلكى ئۇ قەلبكە كىرسە، ئىنسان ئۆزگىرىدۇ، ئىنسان ئۆزگەرسە، دۇنيا ئۆزگىرىدۇ».

- **قۇرئان رىسالە بىلەن مۆجىزىنى ئۆزگە مۇجەسسەم قىلغان كىتابتۇر**



«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلگىرىكى تەۋرات، ئىنجىل ۋە باشقا ساماۋى كىتابلارغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ رىسالە بىلەن مۆجىزىنى ئۆزگە مۇجەسسەم قىلغانلىقى ئىدى. چۈنكى قۇرئانمۇ باشقا ساماۋى كىتابلارغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا باشلايدۇ، ئۇلارغا ھىدايەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى قانداق يېڭىشنى ئۆگىتىدۇ. مانا بۇ، ئۇنىڭ رىسالە تەرىپى بولۇپ، بۇ جەھەتتە تەۋرات ۋە ئىنجىللارغا ئوخشايدۇ.

ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردىن ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان تەرىپى ئۇنىڭ مۆجىزىسى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئۈستۈنلىكى،

ئەسىرلەردىن بېرى بورمىلىنىشتىن ۋە ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالغانلىقى، كۆرسەتمىلىرىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ ئىكەنلىكى ۋە دەللىرنى مايىل قىلىشتىكى سېھرىي كۈچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، روھىيىتىنى يېڭىلاش ۋە ئىچكى مەنىۋى قۇۋۋەتنى ئويغىتىشتىقا ئوخشىغان كاتتا مۆجىزىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ مۆجىزىسى دىللارنى ياشارتىدىغان، ئۆلگەن قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئابى ھايات بېغىشلايدىغان مۆجىزىدۇر. ((ئەسلىدە مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يۈرەلەيدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟ كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى)[1].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ رىسالىسى كىشىلەرگە ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ مۆجىزىسى كىشىلەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ توغرا يولغا كىرگۈزۈش، ئۇلارنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن چىقىرىپ، ئىماننىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئىككى چوڭ ۋەزىپىسىنى

[1] ئەنئام سۈرىسى122 ـ ئايەت.

بايـان قىلغـان ئايەتلەرمـۇ كۆپتـۇر. مەسـىلەن: مائىـدە سۈرىسـىدە مۇنـداق دېيىلگـەن: (ھەقىقەتـەن سـىلەرگە ئالـلاھ تەرىپىدىـن نـۇر ۋە روشـەن كىتـاب كەلـدى. ئالـلاھ شـۇ كىتـاب ئارقىلـىق رازىلىقىنـى ئىزدىگەنلەرنـى نىجاتلىـق يوللىرىغـا يېتەكلەيـدۇ، ئالـلاھ ئـۆز ئىرادىسـى بويىچـە ئۇلارنـى (كۇفرىنىـڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىـن (ئىمانىنىـڭ) نۇرىغـا چىقىرىـدۇ ۋە ئۇلارنـى توغـرا يولغـا يېتەكلەيـدۇ)[1]

بـۇ ئايەتلـەردە «قۇرئـان كەرىم»نىـڭ رىسالىسـىدىن ئىبـارەت كىشـىلەرنى ھىدايەتكـە باشـلاش ۋەزىپىسـى بىلـەن ئۇنىـڭ مۆجىزىسـىدىن ئىبـارەت كىشـىلەرنى قاراڭغۇلۇقلاردىـن چىقىرىـش ۋەزىپىسـى بايـان قىلىنغـان.

چۈنكـى، ھىدايەتكـە باشـلاش، ئۇنىڭغـا چاقىرىـش ۋە ئۇنىڭغـا دەۋەت قىلىـش ئىشـلىرى نورمالـدا، ئۇلارغـا ھەقىقەتنـى ئوچـۇق بايـان قىلىـش بىلـەن ئەمەلگـە ئاشـىدۇ. ئەممـا كىشـىلەرنى كۇفـرى ۋە زالالەتنىـڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىـن ئىمـان ۋە ھەقىقەتنىـڭ نۇرىغـا ئېلىـپ چىقىـش ئىشـى كىشـىلەرنىڭ ئىچكـى دۇنياسـىدا ئۇلارنـى ھەرىكەتكـە كەلتۈرىدىغـان ئېنېرگىيىنـى يارىتىـش ۋە ئۇنـى قوزغىتىـش بىلـەن ئەمەلگـە ئاشـىدۇ. بۇ ۋەزىپىنـى «قۇرئان كەرىم»نىـڭ مۆجىزىسـىدىن باشقىسـى ئورۇندىيالمايـدۇ.

---

[1] مائىدە سۈرىسى16 ـ 15 ـ ئايەتلەر.

## ◄ قۇرئان بىرلا ۋاقىتتا پىكىر ۋە ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدۇ

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا پىكىر بىلەن ھېسسىياتقا خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقىلغا خىتاب قىلىپ ئۇنى قايىل قىلىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ خىتاب ھېسسىياتقا تەسىر قىلىپ، ئۇنى قوزغىتىدۇ، ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ ۋە ئىچكى ئېنېرگىيىنى ئويغىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قايىللىق بىلەن ئويغىنىش مۇستەھكەم ئىمانغا ئايلىنىدۇ. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن باشقا سۆزلەر ئىنساندا بۇنداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدۇ.

دۇنيادا كىشىلەرنى ھەر قانداق بىر پىكىرگە ياكى ئېقىمغا چاقىرىدىغانلار ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەقلىنى قايىل قىلىدۇ. ئەمما بۇ قايىللىق قەلبتە ئورۇنلىشىپ ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئەگە بولالمىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى كونترولى ئاستىغا ئالالمىغانلىقىدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنداق قىلالىشى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىسى بولغانلىقىدىن ئىدى.

دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللا دىراز مۇنداق دېگەن ئىكەن: « ئىنساندا تەپەككۇر قۇۋۋىتى ۋە ۋىجدان قۇۋۋىتى دەپ ئىككى خىل قۇۋۋەت بار بولۇپ، ئىنساننىڭ بۇ ئىككىسىگە بولغان ئېھتىياجى ئايرىم-ئايرىم ئېھتىياجلاردىندۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى ھەقىقەتنى تونۇشقا ياردەم قىلىدۇ، يەنە تەسىرات ئاتا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ تەپەككۇر بىلەن ۋىجداندىن ئىبارەت بۇ قۇۋۋەت ئىنسانغا خۇددى قوشلارغا خىزمەت قىلىدىغان ئىككى قاناتقا ئوخشاش خىزمەت قىلىدۇ.

بىز ئۆلىمالارنىڭ، ئەدىبلەرنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ سۆزلىرىنى بىلىمىز. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئاشۇرىۋەتسە، يەنە بىر تەرىپتىن كەمچىل قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ۋىجدانىي تەرەپتە مۇكەممەل بولسا، پىكرىي تەرەپتىن يېتەرسىز قالىدۇ. پىكرىي تەرەپتىن مۇكەممەل بولسا، ۋىجدانىي تەرەپتىن ئاجىز كېلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپتىن مۇكەممەل بولالمايدۇ.

سىز بىرەر ئەدىبىنىڭ ئەسىرىنى ياكى بىرەر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئوقۇغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ بىرەر ئىلمىي نەزەرىيىنى ياكى بىرەر ئىشنىڭ يولىنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ئەقلىنى مەركەز قىلغان ئۇسلۇب ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئەگەر ئۇنىڭ كىشىلەردىن بىرە ئىشتىن نەپرەتلەندۈرۈش ياكى

سۆيدۈرۈش ئۈچۈن كۈشكۈرتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىمىز، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ۋىجدانىنى مەركەز قىلغان ئۇسلۇب ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

ئەمما بىر ئۇسلۇب ۋە بىر يۆنىلىشتە كېتىپ بېرىپ ھەم ئەقلىي ھەم ۋىجدانىي ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاشلا مەركەز قىلغان ۋە ھەر ئىككىسىگە ئوخشاشلا خىتاب قىلغان ئۇسلۇبنى «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا ھېچبىر ئەسەردە تاپالمايسىز. بۇ خۇددى ياپراق، چېچەك ۋە مېۋىلەرنى باراۋەر كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرەخ شېخىغا ئوخشايدىغان ئۇسلۇب بولۇپ، ئىنساننىڭ سۆزىدە مۇنداق مۇكەممەل ئىپادىسىنى تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس.

«قۇرئان كەرىم» ئەنە شۇنداق بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەقلنى ھەم ۋىجداننى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدىغان كىتابتۇر. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندە بىرلا ئايەتنى بىرگە ئوقۇپ چىقايلى:

ئاللاھ تائالا قىساس توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ئازاد ئادەم ئۈچۈن ئازاد ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن (قىساس ئېلىنىدۇ). قاتىل ئۈچۈن قېرىندىشى (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى) تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا، (كەچۈرۈم قىلغۇچى

قاتىلدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى، (قاتىلنىڭمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (قاتىلغا) ھۇجۇم قىلغان ئادەمگە قاتتىق ئازاب بار)[1].

ئايەتنى «ئى مۆمىنلەر!» دېگەن خىتاب بىلەن باشلاش مۇسۇلمانلارنى ئىتائەتچانلىققا ئۈندەيدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۆمىنلەردىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ياكى ئېسىگە ئالغان ئادەم مۆمىنلەرگە لايىق ئىشلارنى قىلىشنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر ئەمر-پەرمانىنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنداش لازىملىقىنى ئەستىن چىقارمايدۇ.

ئايەتتىكى (قېرىنداشلىق) دېگەن سۆز مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشكىچە ئېلىپ بارغان زىددىيەتلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار دىنىي جەھەتتىن قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالدۇرۇش ئارقىلىق كەچۈرۈمچانلىققا ۋە بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىشقا ئۈندەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئايەتتىكى (چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى) دېگەن جۈملە بىلەن (ياخشىلىق بىلەن بېرىشى) دېگەن جۈملىلەر ئۇدۇل ھېسسىياتقا خىتاب قىلغان جۈملىلەر بولۇپ، قىساس تەلەب قىلىنىدىغان مۇنداق قاتىللىق ۋەقەسىدە

[1] بەقەرە سۈرىسى 178-ئايەت.

تەرەپلەرنى پەسكويىغا چۈشۈرۈش ۋە ئۇلارنى يۇمشاقلىققا ئۈندەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئايەتتىكى (بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر) دېگەن جۈملە ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بۇرچىنى خاتىرىلىتىش بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنى قاتىلغا قارىتا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇپ، ئىمكانقەدەر دىيەتنى يېنىكلىتىشكە تەشەببۇس قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالامۇ بەندىلىرىگە ھەر ئىشتا يېنىكلىتىش ۋە رەھمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئىكەن، بەندىلەرمۇ بىر-بىرىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشنى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرى تەھدىت بىلەن ئاياقلاشقان. قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچكەنلەر ناۋادا سۆزىدىن يېنىۋېلىپ قاتىلنى ئۆلتۈرىۋەتسە ياكى قاتىل قىساستىن قۇتۇلۇۋېلىپ ئۆزى ۋەدە قىلغان دىيەتنى بېرىشتىن باش تارتسا، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىدە ھەددىدىن ئاشقانلىق بولۇپ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، بىرلا قىساس ئايىتىدە، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئويغىتىش، ئەقلىنى ئىشقا سېلىش، كۆڭلىنى يۇمشىتىش، سىلىقلىققا چاقىرىش، شەپقەت قىلىشقا ئۈندەش ۋە ئاخىرىدا تەھدىت قاتارلىق

ئۇسۇلۇبلار بىلەن قىساس مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. بۇنداق ئېسىل ۋە تەسىرلىك باياننى ئىنسانلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قايسىبىر ئەسەردىن تاپقىلى بولسۇن؟!

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر ئاندا ئەقىل بىلەن ۋىجدان ھەر ئىككىسىگە خىتاب قىلغانلىقىنىڭ ئۆرنەكلىرى ئىنتايىن كۆپ. «قۇرئان كەرىم» ئار-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلىنى ئوقۇغان مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ھېچكىمنىڭ غۇرۇرىنى زىدىلىمەيدىغان ۋە ھەركىم راھەت ئوقۇيدىغان ئۇسۇل بىلەن بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، سىلەر چوقۇم ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەرگە خۇش خەۋەر بەرگىن)[1].

[1] بەقەرە سۈرىسى 223-ئايەت.